12

HAYR IJU

«چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى
ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن تۈزۈمى ھەققىدە
تەتقىقات»

# كىرىش سۆز

بۈگۈنكى ياڭگۇەن قوۋۇقى، قاشقوۋۇقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى پامىرنىڭ (كۆكئارت) شەرقىدىكى شىنجاڭغا تەۋە بولغان رايونلار، قەدىمكى خەن سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان. بۇ رايونلار تەڭرىتېغىدىن پاسىل قىلىپ جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن جەنۇب ـ شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان بولغاچقا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار، چىڭ سۇلالىسى ۋەسىقىلىرىدە «ئۇيغۇرلار رايونى»، «مۇسۇلمانلار رايونى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ياشىغان جايى. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىل) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، ئۇيغۇرلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەردە مۇقىم ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى.

ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى، ئاتالمىش قانۇنغا بېرىلگەن ئورتاق ئېنىقلىما بولسا، دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان، دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن ئەمەلىيلىشىشكە كاپالەتلىك قىلىنغان ئومۇميۈزلۈك ئۈتەشكە بولغان ھەرىكەت ـ قائىدىلەر بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمران سىنىپ

ئىرادىسىنىڭ ئەكس ئېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

چىڭ ھۆكۈمىتى مانجۇ ئاقسۆڭەكلەر گورۇھىنى ھۆكۈمرانلىق يادروسى قىلغان، خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاچقا، ئۇلار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇشىغا يۇكسەك ئېتىبار بېرەتتى. مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ مىللەت، دىن، تارىخ، مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن شۇنداقلا موڭغۇلىيە، شىزاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكىلەر بىلەنمۇ خېلى چوڭ پەرقى بار، مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ رايونلارغا مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى پەيدىنپەي غەربىي يۇرتتىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئالاھىدە قانۇن سىستېمىسىنى ئورناتتى.

بۇ كىتاب مۇئەللىپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «15» ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى ــــ «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ھەققىدە تەتقىقات» تېمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تېما ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ يېڭىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**1. تېمىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنىڭ ئېنىقلىمىسى.**

(1) تېمىنىڭ ئەھمىيىتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن - تۈزۈمى ھەققىدىكى تەتقىقات مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالدى بىلەن، ئۇ چىڭ دەۋرىدىكى مىللىي قانۇن - تۈزۈم تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم سۇلالە بولۇپ، تارىختا ئەڭ مۇكەممەل بولغان مىللىي قانۇن تۈزۈم سىستېمىسى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مىللەت، دىن، تارىخ ۋە مەدەنىيىتى بولغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا قانۇن تۇرغۇزۇشقا يۈكسەك ئېتىبار بېرىپ، مەخسۇس قانۇن - «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار مىللىي قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن - تۈزۈمى چىڭ سۇلالىسى مىللىي قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە قىسمى ھەمدە تارىختا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدا قانۇن تۇرغۇزۇشىنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى بولۇپ، مەزكۇر تېما توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى روشەن.

ئىككىنچىدىن، مەزكۇر تەتقىقات ئېلىمىز تارىخىدىكى قانۇن، مەدەنىيەت توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالدى بىلەن ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قانۇن مەدەنىيەت توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشى مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. جۇڭگو ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئاساسلىقى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قانۇن

مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دېھقانچىلىق رايونلىرى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە بوستانلىق تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىرلەشكەن قىسمى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى قانۇن مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگو ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىدىكى ئورنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېڭى مەسىلە. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇ جۇڭخۇا قانۇن مەدەنىيىتى ۋە چەتتىن كىرگەن قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر رايونىغا 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى قانۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىردى. چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقىلىپ، دۇنيادىكى بەش چوڭ قانۇن سىستېمىسىنىڭ بىرى بولغان جۇڭخۇا قانۇن سىستېمىسى بىلەن ئىسلام دىنى قانۇنىنىڭ ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشى مۇقەررەر پەيدا بولدى. بۇ تېما توغرىسىدىكى تەتقىقات جۇڭگو ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرى بىلەن دۆلىتىمىز قانۇنىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تونۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قانۇن مەدەنىيىتى ئەمەلىيىتى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى، قانۇن مەدەنىيىتىنىڭ توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشى ئارقىسىغا

ساقلانغان. بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەسلىدە بار بولغان قانۇن سىستېمىسى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە تەۋە. بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى قانۇنىنى ۋەكىل قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قانۇن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى كۇڭزى مەدەنىيىتى بىلەن يىلتىزداش، مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئەسلىدە بار بولغان قانۇن سىستېمىسىدە بولسا، ئىسلامنىڭ چوڭقۇر ئىزنالىرى مەۋجۇت. چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن - تۈزۈم سىستېمىسى ئەمەلىيەتتە، كۇڭزى مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر تېما جۇڭگو چېگرا رايون مەدەنىيەت توقۇنۇشىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

قانۇن - تۈزۈم سىياسىي تۈزۈمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جەمئىيەتنىڭ نورغۇنلىغان تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەچكە، ئۇيغۇرلار رايونى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ بىر ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. قانۇن - تۈزۈم تارىخى پۈتكۈل غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى. ھۆججەت ماتېرىياللىرىنىڭ پارچە - پۇراتلىقى ۋە كەمچىلىكى، ھەمدە بۇ تېمىنىڭ پەن ھالقىغانلىقى تۈپەيلى، ئىلىم - پەن ساھەسىدە چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى، ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات قىلىش كەمچىل بولدى، شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەتقىقات، چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

جۇڭگو جەمئىيىتى قانۇن ـ تۇزۇملىشىشنى تېزلىتىۋاتقان مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا، قانۇن ـ تۇزۇم مەسىلىسى كۇنسېرى پۇتكۇل جەمئىيەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىۋاتىدۇ. قانداق قىلىپ مىللىي رايونلاردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللەت، دىن، قانۇن ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۇرۇش قاتارلىقلار ھۆكۇمەت ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەردۇر. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۇزۇمىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇ مىللەت، دىنى قانۇن تۇرغۇزۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، چىڭ ھۆكۇمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۇمرانلىق قىلغاندا قانۇن ـ تۇزۇمى جەھەتتە، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىنى چوڭقۇر ئىزدىنىپ كۆرۈش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قانۇن ـ تۇزۇم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۇچەيتىپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى قانۇن ـ تۇزۇمىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۇرۇشتە مۇھىم ئۆرنەك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

(2) ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىمىسى.

تەتقىقاتىمىزنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىلگىرى، مەزكۇر كىتابتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇقۇم ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلىما ۋە چۈشەنچە بېرىشىمىز زۆرۈر.

1. رايون.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى، بۈگۈنكى كىشىلەر «جەنۇبىي شىنجاڭ» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇمتاغ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئىككى رايوننى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە غەرب تەرىپى تارىم ئويمانلىقى، شەرق تەرىپى تۇرپان ئويمانلىقى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «جەنۇبىي شىنجاڭ» ۋە «شەرقى شىنجاڭ» دەپ ئاتايدۇ. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن مەزكۇر رايون چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونغا ئايلانغان بولۇپ، خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ رايون شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، «ئۇيغۇرىستان» ۋە «ماڭلاي سۇيا» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئالدىنقىسىنىڭ دائىرىسىغا ئاساسەن غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى، تۇرپان ۋە قارا شەھەردىن ئىبارەت ئىككى جاينى، بەزىدە كۇچا ۋە قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېيىنكىسىنىڭ دائىرىسى غەربتە پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ فەرغانە رايونىنى، بەزىدە تاشكەنت رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1680 - يىلى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بۇ رايوننى بويسۇندۇرغان.

«ئۇيغۇرلار رايونى»، «مۇسۇلمانلار رايونى» دېگەن بۇ ئۇقۇم چىڭ دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى، شۇ يەردىكى مىللەت، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، خەنزۇچە يازما

يادىكارلىقلاردا مۇسۇلمانلارنى خۇيخۇي (回回) دەپ ئاتايتتى. شۇنىڭ بىلەن «回» دېگەن بۇ سۆز ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ۋاكالەت نامغا ئايلاندى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك خەلقلەرنى، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى خۇسۇسىي يازما يادىكارلىقلاردا قىرغىز مىللىتىنى «بۇيرۇت» دەپ ئاتىغاندىن باشقا ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۆز بېك مىللىتىنى ئايرىماستىن ئومۇملاشتۇرۇپ، «خۇيمىن (回民)»، «خۇيرېن (回人)» يەنى «مۇسۇلمان پۇقرالىرى»، «مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتايتتى. شۇڭلاشقا، «ئۇيغۇرلار رايونى»، «مۇسۇلمانلار رايونى» دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە ئادەمنى ئاساس قىلغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ. تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئۇيغۇرلار رايونى»، «مۇسۇلمانلار رايونى» قاتارلىقلارغا بولغان چۈشەنچىمۇ بىردەك ئەمەس ئىدى. ئەڭ دەسلەپتە كۆرسەتكىنى كونكرېت رايونلار بولۇپ، مەسىلەن: «پىچان مۇسۇلمانلار رايونى»، «قۇمۇل مۇسۇلمانلار رايونى»، «ياركەنت مۇسۇلمانلار رايونى» قاتارلىقلار. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى يەنى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنى تىنچىتىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاساسلىق كۆرسەتكىنى كۇچانىڭ غەربىدىكى رايونلار بولۇپ، كېيىن كېڭىيىپ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى، بەزىدە قۇمۇل، تۇرپاندىن باشقا مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبالغا تەۋە تارىم ئويمانلىقىنىلا كۆرسەتتى. چەت ئەل تىللىرىدىكى يازما يادىكارلىق تارىخ ماتېرىياللىرىدا بەزىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ

ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىپ «كىچىك بۇخارا» ياكى خەنزۇچە خەت بويىچە «جەنۇبىي يول» يەنى بەزىدە «قەشقەرىيە» دەپ ئاتاپ پۈتكۈل «ئۇيغۇرلار رايونى» نى كۆرسەتكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىرلىككە كەلمىگەن. تارىم ئويمانلىقىغا چىڭ سۇلالىسى «مۇسۇلمانلار رايونى ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى مەسلىھەتچى ئامبال» مەنسەپكە قويۇپ، ئۇنىڭغا تەۋە مۇسۇلمانلار رايونلىرى — كاشغەر (بۈگۈنكى قەشقەر)، يېڭىسار، ياركەنت (بۈگۈنكى يەكەن)، ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق شەھەرلەرگە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال، باشبۇغ قاتارلىق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ھەمدە ئىچكىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان بەگلىك تۈزۈمىنى ياخشىلىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە تەيىنلەپ، ھەرقايسى شەھەر - كەنت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپان، قۇمۇل رايونىدا چىڭ سۇلالىسى ئارمىيە، خەلقنى ئىككى يۇرۇش تۈزۈلمە بويىچە باشقۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتە، تۇرپان لەشكەر بېشى ئامبىلى، قۇمۇل ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ ئۈرۈمچى باشبۇغى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى. خەلق ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە، تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق نازارەتخانىسى، ئۈرۈمچى بىۋاستە قاراشلىق ئايماققا تەۋە قىلىندى. قۇمۇلدا ئاشلىق نازارىتى تەسىس قىلىپ، غەربىي قورغان مەھكىمىسىگە

تەۋە قىلدى، دىخۋا ئايمىقى، غەربىي قورغان مەھكىمىسىدىن جىگدى ئايمىقىنى تەشكىللەپ گەنسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە قىلدى. تۇرپان، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر چىڭ سۇلالىسىگە خېلى بۇرۇن تەۋە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ تۆھپىسى زور بولغاچقا، ۋاڭ، بېلى، بېزى، كىنەز، تەيجى قاتارلىق مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىپ، جاساق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سۇيۇرغال يەرگە ئىگە بولدى. بىراق، شۇ شەھەرلەردىكى ئامباللار تەرىپىدىن نازارەت قىلىندى.

مەزكۇر كىتابتا تەتقىق قىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن «ئۇيغۇرلار رايونى» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىشلىتىلدى، ئۇ جۇغراپىيە ۋە گۇمانتارنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تارىم ئويمانلىقى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇغراپىيىلىك نامنى ھەم چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ نامىنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ كونكرېت دائىرىسى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى، شەرقتە قاشقوۋۇق، ياڭگۇەن قوۋۇقىغىچە بولغان جايلارنى، غەربتە پامىر ئېگىزلىكى ھەمدە بۇگۇنكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى تۇرپان، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئىككى جاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. ۋاقىت

چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىل) چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، جۇڭغارلار تەرىپىدىن تۇرمىگە قامالغان

غۇلجىدىكى مۇسۇلمانلار رايونى ئىسلام دىنىنىڭ سەردارى ئەھمەدنىڭ بالىسى بۇرھاندىن ۋە خوجا جاھاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ـ كىچىك خوجىنى قويۇپ بېرىپ، دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇسۇلمانلار رايونىنى ئىدارە قىلىشقا ئورنىدۇ. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭ ـ كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىل) چىڭ ھۆكۈمىتى، چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، مۇسۇلمانلار رايونىدا قانۇن تۇرغۇزۇشقا باشلايدۇ. تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىل) ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەن خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەلۇم قىسمىنى 13 يىل زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. گۇاڭشۈنىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىل) چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن مەمۇرىي ئۆلكە تەسىس قىلدى، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىنىڭكىگە مايىللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

بۇ تەتقىقاتنىڭ ۋاقتى 1759 ـ يىلدىن 1884 ـ يىلغىچە بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار رايونى ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى قويۇق مىللىيلىككە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىراق، ياقۇپبەگنىڭ ئاسارىتىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى بىر قەدەر ئالاھىدە بولغاچقا، ئۇنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا توغرا

كېلىدۇ. شۇنى چۈشەندۈرۈش لازىمكى، بۇ تەتقىقات قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ تارىخى مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىشىگە چېتىلغاچقا، بۇ كىتابنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى، يۇقىرىدا دېيىلگەن ۋاقىت چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

3. تەتقىقات ئوبيېكتى

قانۇن ـ تۈزۈم دېگەن بۇ سۆز كەڭ ۋە تار مەنىگە ئىگە.

كەڭ مەنىدىكى قانۇن ـ تۈزۈم — ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئارقىلىق ئورناتقان قانۇن ـ تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى قانۇن ـ تۈزۈم، دۆلەت ئورگانلىرى — ئىجتىمائىي كوللېكتىپ مەمۇرىي خادىم ۋە ئامما قاتتىق بويسۇنىدىغان ۋە ئىجرا قىلىغان قانۇن ھەمدە قانۇن بويىچە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئېلىمىز قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى ساھەسىدە قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى نېمىلەرنى تەتقىق قىلىشى كېرەك دېگەن مەسىلىگە بولغان پىكىرلەر بىردەك ئەمەس. بۇ كىتابتا قانۇن ـ تۈزۈم تارىخشۇناسى، جاڭ جىنفەن قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى قوبۇل قىلىنىپ، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى ۋە يوقىلىشىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، تارىختىكى ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى، ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى تەكشۈرۈلىدۇ ۋە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ كىتابتا ئاساسلىقى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا قانۇن تۇرغۇزۇشى، ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ شەكلى، قانۇنىنىڭ مەنبەسى؛ چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

رايوننىڭ ئەدلىيە ئورگىنى، قانۇن يۈرگۈزۈش پرىنسىپى؛ بۈيۈك چىڭ قانۇنى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونى ئىسلام دىنى قانۇننىڭ توقۇنۇشى ۋە قوشۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

قانۇن بىلەن سىياسەتنىڭ مەسىلىسىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا چۈشەنچە بېرىش لازىم. سىياسەت دېگىنىمىز، دۆلەت ياكى سىياسىي پارتىيىنىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا، مۇئەييەن بىر ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىگەن قائىدە - نىزاملىرىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت سىياسىتى هەم دۆلەت پائالىيىتىنىڭ مىزانى بولۇپ هەمىشە قانۇننىڭ يېتەكچى پرىنسىپى ياكى قانۇننىڭ ئۆزى بولىدۇ، هەمدە روشەن قانۇنى ئۈنۈمگە ئىگە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى فېئوداللىق جەمئىيىتىدە، هۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ۋە هۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىرادىسى مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە بولغاچقا، سىياسەت بىلەن قانۇننىڭ چېگرىسىنى پۈتۈنلەي ئايرىماق ئىنتايىن تەس. بۇ كىتاب چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن - تۈزۈمىنى تەتقىق قىلغاندا، قانۇن ۋە قىسمەن سىياسەت، ئۇسۇل - چارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئۇقۇمنى ئىشلەتكەن.

(3) تەتقىقات ئۇسۇلى

بۇ تېما مىللىي قانۇن - تۈزۈم تارىخى دائىرىسىغا تەۋە بولۇپ، قوشۇمچە تارىخشۇناسلىق، قانۇن، مىللەتشۇناسلىقنىڭ كۆپلىگەن ساهەلىرىدىن هالقىپ ئۆتكەن خىلمۇ خىل ئىلمى تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. تارىخشۇناسلىق ئۇسۇلى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تارىخىي يازما هۆججەت

ماتېرىياللىرىنى قېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئارخىپ، مىللىي ۋەسىقىلەر، چەت تىل ماتېرىياللىرىدىكى يېڭى مەزمۇنلارنى يىلتىزىغىچە سۈرۈشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات ئۇسۇلى قانۇن نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسە، تىپىك دېلولارنى قانۇنىي جەھەتتىن ئانالىز قىلىپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا قانۇنى ماددىلار ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونى قەدىمدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلغان جايى، بۇ يەردىكى سۆزلەرنىڭ ئېتمولوگىيىسى مۇرەككەپ بولۇپ، يەنىلا تارىخشۇناسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى بىر قات پەردىنى ئېچىپ تاشلاپ ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە مەدەنىيەت ساقلانمىلىرىنى ئىزدەپ چىقىشىمىز لازىم. مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئۇسۇلى مىللىي جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن كۆز قارىشى، ئۆرپ - ئادەت قانۇنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ كىتابتىكى ئەرەب پارس يېزىقىنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا «ئىسلام قامۇسى» (ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىككىنچى نەشرى) دىكى تەرتىپنى قوللانغان بولۇپ، پەقەت بېسىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن k نى q غا، ĕ نى ch ئالماشتۇرۇپ قوللىنىدى، شۇڭا بۇ يەردە ئالاھىدە چۈشەندۈرۈش بەردۇق.

### 2. ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللار

تارىخ تەتقىقاتى چوقۇم تارىخى ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى، ھەرقانداق قىممەتكە ئىگە

تەتقىقاتىنىڭ ھەممىسى چوقۇم سىستېمىلاشقان، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىشى لازىم. چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى چېگرا رايون بولۇپلا قالماستىن يەنە تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ پائالىيەت رايونى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى خىلمۇ خىل بولۇپ، تىل ـ يېزىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇ يېزىقىدىكى يازما ھۆججەتلەر، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى يازما ھۆججەتلەر، چەت ئەل تىلىدىكى يازما ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن رەسمىي تارىخ، (قانۇن ـ تۈزۈم تەزكىرىسى)، ئوردا خاتىرىسى، باسقاق بەگ، يوللانمىلىرى خىلمۇ ـ خىل تەزكىرىلەر، ئارخىپ يازما يادىكارلىرى، شەرتنامە ھۆججەتلىرى، ھەرخىل ساياھەت خاتىرىلىرى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قالايمىقان بولۇشى، خىلمۇ ـ خىللىقى ۋە كۆپ تىلدا بولۇشى مەزكۇر تېما تەتقىقاتىغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى.

(1) خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەر

1. ئارخىپ تۈرى

چىڭ دەۋرىدىكى ئارخىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ساقلانغان، ھەرخىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ھۆججىتى بولغاچقا، ئەڭ بىرىنچى، ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. چىڭ دەۋرىدىكى ئارخىپنىڭ بىر قىسمى

تەيۋەندىكى خان سارىيى مۇزېيدا ساقلانغاندىن باشقا، ئاساسلىقى بېيجىڭدىكى جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپخانىسىدا سارىيىدا ساقلانغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېلان قىلىنغانلىرىدىن، («چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى يارلىق ـ مەكتۇپلار»، «گۇاڭشۈي دەۋرىدىكى ئوردا ئارخىپ ماتېرىياللىرى»، («چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭغا دائىر كۆرۈلىدىغان مەكتۇپلار توپلىمى»)، (داۋگۇاڭ يىللىرى) قاتارلىقلار بار.

چىڭ دەۋرىدىكى ئارخىپ ھۆججەت سان ـ ساناقسىز لېكىن، چىڭ دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىم بولغان ھۆججەت، (ئوردىدىكى مەكتۇپلار ھەربىي جازا خاتىرىسى قوشۇمچە مەكتۇپلىرى) ھەربىي جازا نەسھەت ئارخىپى، باشقۇرۇش ـ چەكلەش پىرقىسىنىڭ ئارخىپىسى بولۇپ، مەزمۇنى ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەر ۋەزىرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىشلىرىدىن بەرگەن دوكلات خاراكتېرىدىكى مەكتۇپلار بولۇپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئىشلىرىغا بولغان تەستىقى قاتارلىقلاردا شىنجاڭدا قانۇن تۇرغۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ياخشى ماتېرىياللار بار. جۇڭگو بىرىنچى تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان ھەربىي جازا خاتىرىسى قوشۇمچە مەكتۇپىنىڭ مىللىي تۈرىدىكى كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسىنى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئەدلىيە مىساللىرى ۋە بىر تەرەپ قىلىش ماتېرىياللىرى بار بولۇپ، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىقلارغا چېتىلىدۇ، ھەربىر ماتېرىيال ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ دېلو

ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشى، بىر تەرەپ قىلىش پىكرى، قانۇن دوختۇرنىڭ بېكىتكەن ماتېرىيالى، جىنايەتچى تەمىنلىگەن ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار رايوننىدىكى دېلو مەلۇم قىلىش ئەدلىيە بويىچە تەكشۈرۈش، دېلونى ئېلىش، قولغا ئېلىشتىن تارتىپ پۈتۈنلەي ئىجرا قىلىشقىچە بولغان تەرتىپنى جانلىق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە ھالقىلاردىكى جازانى ئىجرا قىلىش ماتېرىياللىرىدىكى كەمچىللىك بىزنىڭ تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

يازما ھۆججەتلەر خاتىرىسىدىن قارىغاندا چىڭ دەۋرى ئۇيغۇرلار رايوننىدا ھەرقايسى شەھەرلەر يامۇلىدىكى باسمىخانىلارغا ئوخشاش مەخسۇس ئاپپاراتلار بولۇپ، ھەر تۈردىكى ئارخىپلار ساقلانغان. بىراق، چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايوننىدىكى يەرلىك ئارخىپلار، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئارخىپلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا يوقالغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانىسىدا نۇرغۇنلىغان چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئارخىپلىرى ساقلانغان بولۇپ، تۈرپان ۋە قۇمۇلنىڭ بىرقەدەر كۆپ، يەنە بەزى ھەق ـ تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئارخىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەدلىيە ئارخىپلىرىنىڭ يىلنامىسى ھازىرغا يېقىن بولغاچقا، ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار رايوننىڭ قانۇن ـ تۈزۈم ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەھمىيىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇشى مۇمكىن.

2. ئوردا خاتىرىسى ۋە تەدبىر

«بۈيۈك چىڭ خاندانلىقى ئوردا خاتىرىسى» چىڭ دەۋرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭ يىل، ئاي، كۈننى ئايرىشى، تۈزۈلۈشى رەتلىك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ ئۆتمۈشى خاتىرىلەنگەن. «بۈيۈك چىڭ خاندانلىقى ئوردا خاتىرىسى» غا دائىر (كىتابلار) كۆپ بولۇپ، 1933 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە قورچاق مانجۇ دۆلىتىنىڭ سۈرەتكە تارتىپ باسقان چىڭ خاندانلىقىنىڭ «ئوردا خاتىرىسى» ۋە «شۈەنتۇڭ سەلتەنىتى» نى قوشقاندا جەمئىي 4484 بولۇپ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى سۈرەتكە تارتىپ باسقان قىسمىمۇ جەمئىي 4433 جىلد، 60 چوڭ قىسىم بولىدۇ. «چىڭ خاندانلىقى ئوردا خاتىرىسى» نىڭ باش قىسمى كۆپ، ئوقۇپ چۈشىنىش قىيىن، تىراژى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئىلمىي تەتقىقاتقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىملار «چىڭ ئوردا خاتىرىسى» نى مەخسۇس سان قىلىپ ئىشلىدى. 1982 ـ يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى «چىڭ خاندانلىقى ئوردا خاتىرىسى. شىنجاڭغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن 12 قىسمىنى، 1988 ـ يىلى نىڭشيا خەلق نەشرىياتى تۆت چوڭ قىسىملىق «چىڭ خاندانلىقى ئوردا خاتىرىسى، مۇسۇلمانلار تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى» نى بېسىپ چىقاردى. بۇ ئىككى كىتاب ئاساسىي جەھەتتىن «چىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىسى» دىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلىغان. بۇ تەتقىقاتنىڭ ۋاقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «چىڭ خاندانلىقى ئوردا خاتىرىسى»

دىكى ئەڭ مۇھىم قىسىم چىيەنلوڭ خانلىقى، جياچىڭ خانلىقى، داۋگۇاڭ خانلىقى، شيەنفېڭ خانلىقى، تۇڭجى خانلىقى، گۇاڭشۇ خانلىقى «ئوردا خاتىرىسى» بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن تۈرغۇزۇش جەريانى، قانۇن تۈرغۇزۇش پرىنسىپى، بۇ «ئوردا خاتىرىسى» دە تولۇق ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى ۋەكىللىك دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغانلىقلىمۇ خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى كاڭشى دەۋرىدىن باشلاپ، ئومۇمەن چوڭ ھەربىي ئىشلار ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەربىي تۆھپىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ساراي ياساش يارلىقىنى چۈشۈرۈپ، ھەمدە ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرىنى خاتىرىلەپ، ئۇلارنى «تەدبىر» دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلار رايونى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچ چوڭ تەدبىر: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ئالدىنقى بۆلۈمى 54 جىلد، رەسمى بۆلۈمى 85 جىلد، كېيىنكى بۆلۈمى 33 جىلد بولۇپ، چيەنلوڭ يىللىرىدىكى غەربىي ـ شىمالدىكى جۇڭغارلار قەبىلىسىنى تىنچىتقانلىق ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەگلىكلەر ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن: «ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» 80 توم، ئالدىنقى تومى 6 جىلد بولۇپ، جيا دەۋرىدىن داۋگۇاڭ يىللىرىغىچە بولغان ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتقانلىق توغرىسىدىكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن: «شەنشى، گەنسۇدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر توپىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش تەدبىرلىرى» 320 جىلد، يەنە بىر تومى بىر جىلد بولۇپ، تۇڭجىدىن تارتىپ گۇاڭشۇغىچە بولغان يىللاردىكى، غەربىي ـ شىمالدىكى مۇسۇلمان

پۇقرالار توپىلىڭىنى باستۇرۇش ھەمدە ياقۇپبەگ مالىمانچىلىقىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا دائىر ئىشلار خاتىرىلەنگەن. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۇرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھەر تۇرلۇك قانۇن تۇرغۇزۇش ماتېرىياللىرى خاتىرىلەنگەن، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىيلارنى تازىلاش تەدبىرلىرى» دە توپىلاڭدىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتقان سىياسىتى ۋە قانۇن - تۇزۇملىرىنى تەڭشىشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. «شەنشى، گەنسۇدىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر توپىلاڭچىلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» دە، ھەربىي مەھكىمە تۇزۇمىدىن مەمۇرىي ئۆلكە تۇزۇمىگىچە بولغان جەريان ھەمدە قانۇن - تۇزۇمنىڭ ئىچكىرىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 3. مەمۇرىي تەزكىرىلەر

بۇلاردىن «پادىشاھ ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» نى ئەڭ مۇھىم دېيىش مۇمكىن. بۇنى جيا چىڭنىڭ 20 - يىلى (1815 - يىل) چوڭ ئۆلىما توجىن قاتارلىقلار چىڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ، ئىجرا قىلغان، ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان قانۇن - تۇزۇملەرنى تۇزۇپ چىققان. داۋگۇاڭنىڭ 22 - يىلى (1842 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ تۇزىتىش كىرگۇزۇپ قايتىدىن يولغا قويغان. ئۇ چىڭ سۇلالىسى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم نەتىجە ھەمدە چىڭ دەۋرىدىكى مىللەتلەرگە دائىر قانۇن

تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر كىتابتا «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» نىڭ نەشر نۇسخىسى، مەزمۇنى، قانۇنىي ئەھمىيىتى، تارىخىي قىممىتى قاتارلىقلار توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلىي تەتقىقاتلار بار بولغاچقا، بۇ يەردە كۆپ توختالمىدۇق.

ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللىك قانۇن ۋە قائىدە يوسۇنغا دائىر توپلاملاردىن يەنە «بۈيۈك چىڭنىڭ قامۇسى»، «بۈيۈك چىڭنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى»، «ۋاسساللار مەھكىمىسى قائىدە ـ نىزامنامىلىرى» قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلاردا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تۈزۈم، بۇيرۇق، قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە مەلۇماتلار بار، بۇ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەمۇرىي قانۇنى ۋە ئىقتىسادىي قانۇنى تەتقىق قىلىشتا بىر قەدەر مۇھىم تەتقىقات بىر قەدەر مۇھىم.

«بۈيۈك چىڭنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى» چىڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان ئەڭ مۇھىم جىنايى ئىشلار قانۇنى دەستۇرى بولۇپ، ھەق ـ تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرى بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئەڭ ئاساسلىق قانۇنىي ئاساس. تارىخى يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ھەرقايسى يامۇللىرىدا «بۈيۈك چىڭ قانۇن ـ نىزاملىرى» ساقلانغان بولۇپ، قانۇن بويىچە دېلو پاش قىلىنغان. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ھەتتا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن.

«شىنجاڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى يەشمىسى» جەمئىي ئىككى توم بولۇپ، ۋۇ يىشيەن تۈزگەن، چيەنلۇڭنىڭ 60 ـ يىلى (1795 ـ يىل) بېسىلغان. بۈيۈك چىڭنىڭ «قائىدە ـ

نىزاملىرى» دېگەن بۇ كىتابتا شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ تۈزۈملەر تۈزۈلگەن بولۇپ، جىنايەتچىلەرنى پالاش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، چەكلەش تەدبىرلىرى، نوپۇسقا ئېلىش مۇددىتى، سۈرگۈن قىلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ مۇكاپاتلىنىش ۋە جازالىنىش ئەھۋالىغا قاراش قاتارلىقلار بولۇپ مۇۋاپىق تۈزۈملەرنى ساقلاپ قېلىپ نامۇۋاپىقلىرىنى چىقىرىپ تاشلاش، ئىشلارنىڭ تۈرىگە ئاساسەن ماددىلارغا بۆلۈشى ھەمدە تەھرىر تىلاۋىسىنى قوشۇش چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭغا جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى.

4. جايلار تەزكىرىسى

«ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» جيا چىڭ يىللىرىدىكى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى خې چىڭ تۈزگەن چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تارىخى ھۆججەت بولۇپ، جيا چىڭنىڭ 9 ـ يىلى (1804 ـ يىل) بېسىلغان. پۈتۈن كىتاب جەمئىي 12 توم بولۇپ، 1 ـ تومدا، چىڭ گاۋزۇڭنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنچىتىش نەزمىسى ۋە ئابىدە يېزىقى بار؛ 2 ـ تومدىن 6 ـ تومغىچە، قۇمۇل، تۇرپان مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي بايانى ۋە مۇسۇلمانلار يۇرتى ھۆكۈمران گورۇھىنىڭ مۇھىم شەخسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ بايانلىرى يېزىلغان؛ 7 ـ تومدىن 11 ـ تومغىچە، ئۇيغۇرلار رايونى ھەرقايسى شەھەرلىرىنىڭ، شەھەر ـ بازارلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋال خاتىرىلەنگەن؛ 12 ـ تومدا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تەبىئىي

شارائىتى، ئەرەپ ـ قائىدىلىرى، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى خاتىرىلەنگەن. مەزكۇر كىتابتا بەگنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئورگانىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئەمەلىي، تەمىناتى، كۈندىلىك ھەربىي سىياسىي ئىشلىرى، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئاشلىقنىڭ يىغنۇېلىش ئەھۋالى، سودا ـ سېتىقنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئەدلىيە پوزىتسىيىسى قاتارلىقلار تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ كىتاب چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر تۈرلۈك ئىشلارغا ئائىت ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ مۇھىم بولغان جايلار تەزكىرىسى ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن بۇ كىتاب چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (1777 ـ يىل) يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورى مانجۇ كۆك خوشۇنىنىڭ 71 ـ ئادىمى تەخەللۇسى چۈنيۈەن. مەزكۇر كىتاب، ئۇ غەربىي يۇرتنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، ماتېرىياللار بىر قەدەر ئىشەنچلىك، مەزكۇر كىتابنىڭ يەنە بىر ئىسمى «غەربىي يۇرتتىكى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار خاتىرىسى» بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆپ خىل ئوخشاش بولمىغان نۇسخىدىكى باسمىسىمۇ بار، ناھايىتى كەڭ تارقالغان. مەزكۇر كىتابنىڭ «ئۇيغۇرلار رايونى ئىقلىم خاتىرىسى» ناملىق بىر تومى چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئائىت خاتىرىلەر، ئۇيغۇرلار ھەق ـ تەلەپ قانۇنىنى

تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتابتىكى بەگلىك ئەمىلىگە توغرىسىدىكى چۈشەنچە، بەگلىك قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

«ئۇيغۇرلار رايونى تەزكىرىسى» دېگەن بۇ كىتاب چىڭ دەۋرى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئادەملەرنى ئاساس قىلغان جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، يۇڭ گۇي، گۇ شىفىڭلار يازغان، سۇھېرد كۆپەيتىپ كۆچۈرگەن بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 37 ـ يىلى (1772 ـ يىلى) پۈتتۈرۈلگەن، بىراق بېسىپ تارقىتىلمىغان، پەقەت قولىيازمىسىلا تارقالغان. جۈملىلىرىدە ئازراق پەرق بار.

1950 ـ يىلى ۋۇ خېڭفېي ئۇنى «چېگرا رايون توپلىمى داۋامى» غا كىرگۈزۈپ، شافىگراف باسمىسىنى تارقاتتى ھەمدە ئىسمىنى «شىنجاڭ مۇسۇلمانلار يۇرتى تەزكىرىسى» دەپ ئاتىدى. پۈتۈن كىتاب تۆت توم، ئالدىنقى تومى بىر جىلد بولۇپ، بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، تاغ ـ دەريالىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، نوپۇسى، ئالۋاڭ ـ ياساقلىرى پۇل قانۇنى، پوچتا قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

«غەربىي يۇرت جۇغراپىيە تەپسىرى» چىڭ دەۋرىدە يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسلىدە سىچۈەن ئۆلكىسى ئەنچۈڭ شەھىرىنىڭ سىچۈەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان،

كىتابنىڭ ئىسمى، ئاپتورى كىرىش سۆزى، خاتىمىسى يوق بولۇپ كىتابنىڭ كەينى قىسمىغا بېرىلگەن باھالاش سۆزى ئارقىلىق يەنى «مەزكۇر كىتاب چىڭلۇڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خوشۇتلارنىڭ قولىيازمىسى ئىدى» دېگەن سۆزدىن بىلىۋېلىنغان. مەزكۇر كىتاب سەككىز قىسىمغا تۈپلەنگەن بولۇپ بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى مەزكۇر رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى خاتىرىلەنگەن. مەزكۇر كىتابنىڭ 2 ـ تومى «ئەمەلدارلىق تۈزۈمى» 3 ـ تومى «باج ـ سېلىق» 4 ـ تومىدا «بازار، ئاشلىق، پۇل» قاتارلىقلار يېزىلغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەر مۇشۇ تارىخى ھۆججەتلەردە كۆرۈلگەن بولغاچقا، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەمۇرىي قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم تولۇقلاش ئەھمىيىتىگە ئىگە. 1992 ـ يىلى بۇ كىتابقا يۈەن مىڭداۋ خەنزۇچە ئىزاھات لىيۇ جىڭشەن مانجۇچە تەرجىمە ئىزاھاتى بەرگەن بولۇپ، يەن بىيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشرىدىن چىققان. كىتابنىڭ ئىسمى «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئىزاھاتى» دەپ ئاتالغان.

مۇھىم بولغان جايلار تەزكىرىسى ماتېرىياللىرىدىن يەنە چيەنلۇڭنىڭ 47 ـ يىلى تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت رەسىملىك تەزكىرىسى» بار بولۇپ، ئالدىنقى تومى تۆت جىلدتىن باشقا — رەسمىي بۆلىكى 48 جىلدتىن تەركىب تاپقان، ماتېرىياللار ئېنىق، ئىشەنچىلىك بولۇپ چىڭ دەۋرى غەربىي يۇرت تارىخىغا

مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ماتېرىيال. مەزكۇر كىتابتىكى قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، باج قايتۇرۇش، پۇل تۈزۈمى، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەمۇرىي قانۇن، ئىقتىسادىي قانۇن، نىكاھ تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىرقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭدىن باشقا، جايلار تەزكىرە ماتېرىياللىرىدىن چى يۇنشېنىڭ «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» ۋە «قەشقەرىيە ئىشلىرى»، «ئۇنسۇ ھۆكۈمەت تەزكىرىسى» قاتارلىق قولليازمىلىرى، ھەرخىل يۇرتلار تەزكىرىسى ھەمدە چوڭ دەۋرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پۈتكەن «شىنجاڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە فېي جىڭفۇنىڭ «تاغ ـ دەريالار خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

### 5. خانغا يولانغان مەكتۇپلار

«مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» داۋ گۇاڭنىڭ 14 ـ يىلى (1834 ـ يىل) بېسىلغان بولۇپ جەمئىي 80 توم. ئاپتورى نايەنچىڭ، مانجۇ، ئاق خوشۇندىن، چيەنلۇڭ خانلىقىنىڭ تەشرىپدارى، باش ھەربىي ۋالىيسى. جيا چىڭنىڭ 9 ـ يىلى (1804 ـ يىل) شىنجاڭدا ، قاراشەھەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، يار كەنتنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، داۋ گۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىل) يەنە خان مۇپەتتىشى سالاھىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىپ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ

قىلغان. مەزكۇر كىتابنىڭ 74 ـ تومىدىن 80 ـ تومىغىچە «مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا قىپچالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات» بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەر قايسى يامۇل ۋە بەگلىكنىڭ كونا قائىدە ۋە نامۇۋاپىق ئادەتلەرنى يوقىتىپ، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەر ئامباللىرىنىڭ تەمىناتىنى ئاشۇرۇش، مەنسەپدارلارنى تاللاش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەمۇرىي قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«زۇ زۇڭتاڭ ئەسەرلەر توپلىمى» بىلەن «ليۇ شياڭلىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» گە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا زۇ زۇڭتاڭ ۋە شىنجاڭغا تۇنجى باش مۇپەتتىشى بولغان ليۇ جىنتاڭنىڭ خانغا يوللىغان شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەكتۇپلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياقۇپبەگ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك تالاش ـ تارتىشلار، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمگە چېتىشلىق نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر، بىزنىڭ ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىنى شۇنداقلا، ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ ئىچكىرىلىشىشىگە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

باشقا مەكتۇپلاردىن يەنە «سۇڭ جۇنىنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى

مەكتۇپلىرى» ، «مەرىپەتلىك مەدەتكار جاڭ ھەزرەتىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» ، «بۇيانتاينىڭ يەكەندىكى مەكتۇپلىرى» ، «يى شيەنىنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى مەكتۇپلىرى» لار بولۇپ بۇ مەكتۇپلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۇيغۇرلار يۇرتتىكى ئامباللار، ياكى شىنجاڭغا ئىش بېجىرگىلى بارغانلار بولۇپ، مەكتۇپلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار رايوندىكى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگو چېگرا رايون تارىخ تەتقىقات مەركىزى تەھرىرلىگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭدا ئاز كۆرۈلىدىغان خانغا يوللانغان مەكتۇپلار توپلىمى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

(2) ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ماتېرىياللار

ئۇيغۇرلار رايوندىكى مۇسۇلمانلار يېزىپ قالدۇرغان مىللىي يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلار ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق تەتقىقاتچىلارنىڭ تىل شارائىتىنىڭ چەكلىمىلىكى ۋە ماتېرىياللارنى قېزىپ چىقىرىش، رەتلەش، ئېلان قىلىش جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ بۇ بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. شىنجاڭ مىللىي قەدىمكى كىتابلار ئىشخانىسىنىڭ 1985 - يىلى 11 - ئايدا تۈزگەن «شىنجاڭ مىللىي قەدىمكى ساقلانغان كىتابلار مۇندەرىجىسىگە قارايدىغان بولساق مىللىي يېزىقتىكى ساقلانغان ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى مول، بىراق كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى دىن تۈرىدىكىلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر بىر قەدەر كۆپ. 1983 - يىلى ياپونىيىلىك ئالىم بىڭ تيەن جىڭ مىي» نىڭ

«شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 55 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخى يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە بايان» دا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلانغان، ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلىدىغان 13 پارچە تارىخى ۋەسىقەنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە كۆچۈرمە نۇسخىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر يادىكارلىقلىرىنى ئاساسلىق قىلىپ تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە لوندون ھىندىستان شىركەت كىتابخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىدىن «ياقۇپبەگدىن بۇرۇن قەشقەرنى ئىگىلىگەن سىدىقبەگ ھەققىدە ھېكايە» (مىرزا قارىي ئاللاۋۇدىن ئاخۇن، 1865 ـ يىل 10 ـ ئاي)، «سافاۋەتنامە» (ھىجرىيە 1282 ـ يىلى كورلىلىق داۋۇت يازغان)، «زەفەرنامە» (ھىجرىيە 1284 ـ يىلى مۇھەممەت، ئىلىخان كەشمىرى يازغان) «ياقۇپبەگ ھەققىدە ھېكايە» (ھىجرىيە 1294 ـ يىلى مىرزا. بى يازغان)، بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىدىن «ناقساپ» (ھىجرىيە 1292 ـ يىلى ئابدۇل. ئاللا. پاسىر يازغان)، فرانسىيە ئىلىم يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىدىن «بۇزرۇكخان تۆرەم بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ۋەقەسى» (ئاپتور ۋە يىلنامە ئېنىق ئەمەس)، باشقا يازما يادىكارلىقلاردىن يەنە «تارىخى ئەمنىيە»، «ئۇدۇن تارىخى»، «مۇسۇلمانلارنىڭ غازات ئۇرۇشى»، «پۇچۇلغان ۋەسىقىلەرگە ئىزاھ»، «غازات دەرمۇلكى چىن»، «ياقۇپبەگنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ھېكايە»، «يېڭى تارىخ» قاتارلىقلار بار بىلىڭ تيەنىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تارىخى يازما ھۆججەتلىرىگە بولغان تەتقىقاتى، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار تارىخى ھۆججەتلىرىنىڭ

كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلىدى. بىراق ئۇنىڭ تەتقىقاتى «تارىخى ھەمىدىيە»نى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. 1993 ـ يىلى نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان يۈ چىنگۇي، ياڭ خۇەيجۇڭ يازغان «جۇڭگو ئىسلام يازما ھۆججەتلەر ئەسەرلەر تەرجىمىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» ناملىق كىتابنىڭ «شىنجاڭ قەدىمكى كىتابلار» دېگەن 16 ـ قىسمى، شىنجاڭغا دائىر قەدىمكى كىتابلار ئىشخانىسى يىغىپ رەتلىگەن ئىسلام دىنى قەدىمكى كىتابلار مۇندەرىجىسى ھاجى نۇر. ھاجى بىلەن باۋ ۋېنئەن بىرلىكتە تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى كىتابلار مۇندەرىجىسى» دىن پايدىلىنىش ئاساسىدا شىنجاڭغا تارقالغان، چىڭ دەۋرىدىكى قىممەتلىك تارىخى يازما يادىكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلار تارىخى يازما ھۆججەتلەردىن 105 خىلنى چۈشەندۈردى.

بىراق بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم بولغان مۇسۇلمانلارغا دائىر تارىخىي ئەسەر — «تارىخى ئەمنىيە» (Ta,rikh—iAmniye) بىلەن «تارىخى ھەمىدىيە» (Ta,rikh—iHaymidi) بولۇپ، ئاپتورى بايلىق ئۇيغۇر موللا مۇسا. بىن. موللا ئەيسا (mulamusa b. mulaAysa) «تارىخى ئەمنىيە» ھىجرىيە 1321 ـ يىلى يەنى، گۇاڭشۈنىڭ 29 ـ يىلى، مىلادىيە 1903 ـ يىلى يېزىلىپ بولغان بولۇپ، بۇ كىتابتا تاكى موڭغۇل، يۈەن دەۋرىدىن تارتىپ، چىڭ قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن تارىخى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسى، بولۇپمۇ 1864 ـ يىلى ئۇيغۇرلار

رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قوزغىلاڭلىرىدىن تارتىپ چىڭ قوشۇنىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان بۇ بىر بۆلەك تارىخ ئىنتايىن تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «تارىخى ئەمنىيە» نىڭ تولۇقلىما نۇسخىسى «تارىخى ھەمىدى»، ھىجرىيە 1326 ـ يىلى، مىلادىيە 1908 ـ يىلى يېزىپ تاماملانغان. موللا مۇسا ياشلىق دەۋرىدە كۇچادىكى راشىدىن ھاكىمىيىتى ۋە ياقۇپبەگ قورچاق ھاكىمىيىتىدە ئىشلىگەن بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى يامۇللىرىدىمۇ ئىشلىگەن، كىتابتا خاتىرىلەنگەن 1864 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بولغاچقا، «تارىخى ئەمنىيە» بىلەن «تارىخى ھەمىدى» 19 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال، ئۇ مۇسۇلمان قولىدا يېزىپ قالدۇرۇلغاچقا، ئۇ بىزنى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بولمىغان مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىنتايىن مۇھىم. بۇ كىتابتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىڭ دەۋرى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنلارنى، ئالايلۇق، قوزغىلاڭنىڭ كۆرۈنۈشىنى بايان قىلغاندا ۋاقىتتا تىلغا ئېلىنغان دېھقانلارنىڭ باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشى، ئالۋاڭ ـ ياساق ھەققىدە ئەرز سۇنغاندا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىغا دائىر تەپسىلاتلارنى تاپقىلى بولىدۇ، بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمىنى تەتقىق

قىلىشتىمۇ ھۆججەت خاراكتېرلىك قىممەتكە ئىگە. ئىككى كىتابنىڭ ئەسلى شەكلى چاغاتاي يېزىقى (كونا ئۇيغۇر يېزىقى) دا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «تارىخى ھەمىدى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى نۇسخىسى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى شافىگراف باسمىسى بار.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىنى، بولۇپمۇ ھەق ـ تەلەپ قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بولغان مۇسۇلمانلار تارىخى ھۆججەتلەردىن يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەسىقە ماتېرىياللىرى بار. كېلىشىم تۈزۈش ئادىتى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئۇزۇن تارىخقا دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ قولىدا يەنىلا كۆپ مىقداردىكى ئۆزى ياكى ئەجدادلىرىنىڭ كېلىشىملىرى ساقلانغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ساقلانغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن.

50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، بەزى ۋەسىقىلەر ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار تەرىپىدىن يىغىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى دىن تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن يىغىلغان ۋەسىقىلەر ئەڭ كۆپ، ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 500 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ۋەسىقىلەر شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيالغا ئايلاندى.

بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى چاغاتاي يېزىقىدا بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئالىملار ئۇلارنى رەتلەش ۋە تاللاپ، يېزىقىدىكى

ئەسلى ئەسەرلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى، ئاندىن يەنە خەنزۇچىغا نۇسخىسىغا تەرجىمە قىلىپ ئالدى بىلەن شافىگراف باسمىسىنى تارقاتتى، 1994 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەسىقە ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» نى تۈزۈپ ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقاتتى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئەھمەد. زىيائى، خەنزۇچە نۇسخىسىنى جاڭ خۇگيى، جاۋ گۇدۇڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلدى. باۋ ۋېنئەن كوررېكتورلۇق قىلدى، ۋاڭ شۇلى، لى جىنشىن تەھرىرلىك قىلىپ پۈتكۈزدى. پۈتۈن كىتابقا كىرگۈزگەن ھۆججەت 314 پارچە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يىلنامىدىن قارىغاندا چىڭ دەۋرىگە تەۋە 66 پارچە بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى بىر پارچىسى چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى (1773 ـ يىل)، ئەڭ كېيىنكىسى شۇەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىل) يېزىلغان، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىدىن ئىلگىرىكىسى (1884 ـ يىل) 32 پارچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەسىقىلەرنى مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: يەر ـ زېمىن، تۇرالغۇ، باغ، قۇدۇق، چارۋا قاتارلىق مال ـ مۈلۈكنى ئېلىپ ـ سېتىش توختىمى، مەسچىت، مەدرىس، ئۆشرە ـ زاكات ۋە باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك توختام، يەر ـ زېمىن، زىرائەتنىڭ تەقدىم قىلىشى، ئۆتۈنۈپ بېرىشى، يەرنى ئىجارىگە بېرىشى، ئورتاقلىشىپ تېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى توختام، مىراسى بۆلۈش توختىمى، باشقا مەھكىمە شەرئى (دىنىي سوت) بىر تەرەپ قىلغان ھەق ـ تەلەپ ماجرا توختىمى، بۇنىڭدىن باشقا،

يەنە ھۆكۈمەت مەمۇري ھۆججىتى، تەيىنلەش نامە، ئىسپات خېتى، تەنبىھ بېرىش خېتى، ھۆججەت قاتارلىقلار بار. بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىسلام دىنى قانۇنى ۋە مىللەت ئۆرپ ـ ئادىتى قانۇن قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا بىر قەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ كەمچىللىكىنى تولۇقلايدۇ، بۇ كىتابتىكى تەتقىقات ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك (1884 — 1759 ـ يىللىرى) 32 پارچە ھۆججەت، چىڭ دەۋرى ئۇيغۇرلار رايونى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەق ـ تەلەپ قانۇنى، ئىسلام دىنى قانۇنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇش شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى لى جىنشىننىڭ «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «يېقىنقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇر مىللىتى توختام ماتېرىياللىرى ھەققىدە باھا» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

3. رايون سىرتىدىكى تارىخ ماتېرىياللىرى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇناسىۋەتلىك چەت ئەل تىلىدىكى يېزىقلارنىڭ كۆپ قىسمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەلچىلىككە بېرىش، تەكشۈرۈشى، سودا قىلىشى نامى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىغا ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ يازغان دوكلاتى. جى شيەنلىن ئەپەندى ئىلگىرى: «جۇڭگو تارىخنامىلىرىنىڭ سانى كۆپ سەۋىيىسى يۇقىرى، نامى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان. بىراق، ئەگەر بىز بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا

تارىختىكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ۋە مۇرەككەپ ھالىقىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىشنى ئويلايدىغان بولساق، يەنىلا ماتېرىيالنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بىز مانا مۇشۇنداق كىتابلارغا ئىنتايىن مۇھتاج، بولۇپمۇ بىر چەت ئەللىك جۇڭگوغا كەلگەندە، پسىخولوگىيىلىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ بىزنىڭ ئادەتلىنىپ كېتىپ ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكىنى سەزمەيدىغان بەزى ئەسەرلىرىمىزنى كۆرىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەكشۈرۈشلەرنى خاتىرىلەپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرىدۇ. بۇنداق كىتابلار چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگونى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار رايونىغا كەلگەن چەت ئەللىكلەر يازغان ساياھەت خاتىرىسى، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى بىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇرلار رايونىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار.

رۇسچە مۇھىم بولغان ماتېرىياللاردىن ۋەلىخانوف ئورۇندىغان دوكلات بولۇپ، بۇلار «ۋەلىخانوف ماقالىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. ۋەلىخانوف ئەسلىدە قازاقلاردىكى ئوتتۇرا يۈزنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى خانى ۋەلىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ 1853 ـ يىلى سىبىرىيىدىكى كازاك قوشۇنىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1858 ـ يىلىدىن 1859 ـ يىلىغىچە روسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا ئەۋەتىلگەن، سودىگەرچە ياسىنىپ ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرگەندىن، ئۇيغۇرلار رايونىغا مۇناسىۋەتلىك ئاخپاراتلارنى يىغىپ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار

رايونىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلاتقا ئايلاندۇرۇپ يېزىپ، تېمىسىنى «858 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە جۇڭگو تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەر ئەھۋالى» (16 ـ بەت روسچە قىسمىنى ئالىمىز) قىلىپ بېكىتتى. بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمى مەزكۇر دوكلاتتا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەمۇري ئورگىنى، ئەمەلدارلارنىڭ تەسنىپ قىلىنىشى، ئاماننىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور مۇنداق دېگەن: ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئامانلىقى ياخشى، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى يوق دېيەرلىك، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ئەھۋاللار كۆپ ئەمەس. دوكلاتتا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلار رايونى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ دىنى سوتنىڭ تەشكىللىنىشى، ئىسلام دىنى قانۇنى فۇنكسىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇسۇلمانلار نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلار خەنزۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ ئۇنىڭ تارىخى ماتېرىياللىق قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى.

1876 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلىغىچە روسىيىنىڭ ئوفىسېرى ئا. ن. كروپاتكىن (A. H. KyponaTkhH) روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭغا يېتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ياقۇپبەگ قورچاق ھاكىمىيىتى بىلەن «دۆلەت چېگرىسىنى بەلگىلەش» ئىشلىرىنى سۆھبەتلەشتى، ھەمدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئاخباراتلىرىنى يىغىپ، دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي

دوكلات قىلىپ چىقتى، تېمىسى «قەشقەر: ئۇنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئومۇمىي ئەھۋالى، ھەربىي ئىشلار كۈچى ھەمدە سانائەت ۋە سودا ـ سېتىقى» 1879 ـ يىلى سانت پېتربۇرگتا نەشر قىلىندى، بۇ كىتابنىڭ ئىككى خىل خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ 1982 ـ يىلى سودا ئىشلىرى مەتبەئەتچىلىك كىتابخانىسى نەشرىياتىدا روسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، مەزمۇنى بىر قەدەر تولۇق بۇ كىتابتا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا تەسىس قىلغان مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئاالاھىدىلىكى، بەگلەرنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام دىنى قانۇنىغا بولغان پوزىتسىيىسى چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىلىك ھۆكۈم پروگراممىسى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۆز قاراشلارنى خېلىلا مۇۋاپىق دېيىشكە بولىدۇ.

روسىيىلىك بوگو ياۋلېنىسكى ئەسىرى بولغان «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرى» دېگەن كىتاب جەمئىي 41 باب بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىنى تارىخىي دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي، سودا ـ سېتىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلغان، كىتابتىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى، نىكاھ قانۇنى توختام شەكلى قاتارلىق مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھەق ـ تەلەپ قانۇنىنى

تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىياسىي تۈزۈلمە، ئەدلىيە تۈزۈلمىسىگە مۇناسىۋەتلىك يېزىقلار تەتقىقات تېمىمىزغا نىسبەتەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ بار. (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى تەرجىمە قىلغان شاڭخۇۋ نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان).

1868 ـ يىلى ۋە 1873 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك خوست (T. D. Fosyth) ئىككى قېتىم ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئۇيغۇرلار رايونىغا كېلىپ، ياقۇپبەگ بىلەن مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇندى، ئۇلار قەشقەر، ياركەنت، يېڭىسار قاتارلىق جايلارغا بارغاندىن كېيىن، ئاخبارات تىڭ ـ تىڭلاپ، ماتېرىيال توپلاپ «1873 ـ يىلى ياركەنتكە ئەلچىلىككە بېرىش دوكلاتى» ئاساسىدا بۇ كىتابنى تاماملىدى. مەزكۇر كىتاب 1875 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ كالكۇتتادا نەشردىن چىقتى. دوكلاتتا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى بايانلار ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھەق ـ تەلەپ قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنىڭدىكى، مەمۇرىي ئورگان، ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى بايانلار ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەمۇرىي قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشى ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى، سوت ئورگىنى، جازالاش تۈزۈمى توغرىسىدىكى بايان ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ جىنايى ئىشلار

قانۇننى، ئەدلىيە قانۇننى تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىقتىسادىي سىياسەت توغرىسىدىكى بايانلار، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قانۇننى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئەنگلىيىلىك بولگىر (D. C. Boulges) 1878 - يىلى نەشر قىلغان «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى» ياقۇپبەگنىڭ ئۆمۈر بايانى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياقۇپبەگنىڭ بىر ئۆمۈر ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، ھەمدە بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى، ئەنگلىيە، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان بولۇپ بىزنى كۆپ مىقداردىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللار توغرىسىدىكى بايانلار بار بولۇپ، ئاپتور چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى ھەرقايسى سىياسەتلىرىگە باھا بەرگەن، مەسىلەن، ئۇ: چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن كەڭچىلىك پوزىتسىيىسىدە بولدى، ئەدلىيىنىڭ مۇسۇلمانلارغا كېيىم ئېلان قىلىشى «مۇتلەق ئىشەنچلىك» ئىقتىسادىي سىياسەتمۇ مۇۋاپىق بولدى، دەپ قارىدى. بۇ باھالار بىزنىڭ چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن - تۈزۈمىنى تونۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

گېرمانىيىلىك ئالىم مارتىن. خارتمان ( martin Hartmam ) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار رايونىغا تەكشۈرۈشكە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرگەن

ـ ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىپ پۈتتۈرگەن «ئىسلام شەرقتە» (1905 ـ يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان) ۋە «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى، مەمۇرىي، دىنىي، ئىقتىسادىي» (1908 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) دېگەن كىتابىدا، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئۇ قەشقەر ۋە ياركەنتتە تەكشۈرگەن مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن ئەرەب يېزىقى ۋە پارس يېزىقىدىكى دىن كلاسسىك مۇندەرىجىسى توغرىسىدىكى بايانى پەقەت جۇڭگو غەربىي يۇرت رايونىدىكى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇرلار رايونى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىسلام دىنى قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھى مەزھىپىنى، فىقھى ئىلمىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى بىلەلەيمىز.

### 3. تەتقىقات ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم تەتقىقاتىنى چىڭ دەۋرىدىلا باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋۇ يىشيەن «بۈيۈك چىڭ خاندانلىقى قانۇنلىرى» دىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى نىزامنامىلەرگە مۇناسىۋەتلىك» شىنجاڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتاب تۈزۈپ چىقتى. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرغاندىكى غەلىبىسى ۋە مەغلۇبىيىتىنىڭ خۇلاسىسى ھەمدە، ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىگە بولغان تەتقىقات تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى مۇنازىرىسىدە، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى

ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى سىياسىيونلار ۋە ئۆلىمالارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان تېمىغا ئايلاندى. ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلار رايونىنى ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىغا بولغان تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىنىڭ نەتىجىسى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىياسىتى ۋە تۈزۈمىدىكى مۇھىم مەزمۇن بولۇشى سۈپىتى بىلەن قانۇن ـ تۈزۈم ئەلۋەتتە تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىردى. مىنگودىن بۇيان نەشر قىلىنغان شىنجاڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر بولۇپمۇ ئومۇمىي تارىخ خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر، مەسىلەن زىڭ ۋىنۋۇنىڭ «جۇڭگو غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى تارىخى» ، شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، يۇ تەيشەن باش بولۇپ تۈزگەن «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى» ، ھەمدە «كامبىرىج جۇڭگو ئاخىرقى چىڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىنى بايان قىلغان بولۇپ، پەقەت ھەجىم جەھەتتىنلا چەكلىنىپ، مەزمۇنى ھەددىدىن زىيادە ئومۇملىشىپ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلمىغان.

مۇئەللىپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىگە بولغان مەخسۇس تەتقىقاتى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە يىغىنچاقلانغان.

1. چىڭ سۇلالىسى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ

تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىي ئەتىقاتى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن - تۈزۈمى — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىللىي قانۇن - تۈزۈم تۈرغۇزۇشنىڭ مۇھىم نەتىجىسى، شۇڭا ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئېرىشكەن. بەزى ئالىملار چىڭ دەۋرىدىكى مىللىي قانۇن - تۈزۈم تارىخىنى تەكشۈرۈپ ۋە مۇھاكىمە قىلغاندا، ماكرولۇق نەزەر دائىرە ۋە نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن - تۈزۈمگە نىسبەتەن ئومۇمىي تەتقىقات ۋە بايان ئېلىپ باردى. بۇ نەتىجىلەر يەنە ئىككى خىل ئەھۋالغا بۆلۈنىدۇ:

1 - خىل نەتىجە، چېگرا رايون ھۆكۈمرانلىق سىياسىتى نۇقتىسىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن - تۈزۈمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە. 1983 - يىلى تەيۋەن رەھىمدىللىك كىتابخانىسى» نەشر قىلغان لو يۈەنجىنىڭ «چىڭ گاۋزۇڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ سىياسىتى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە» دېگەن بىر كىتابىدا، چيەنلۇڭ خاندانلىقىنىڭ يۈتكۈل شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قائىدە - قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر تۈرلۈك چارىلەر نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنغان. تەيۋەن سودا نەشرىياتى چەكلىك پاي شىركىتى 1988 - يىلى نەشر قىلغان لىن شىنشيەنىڭ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئايرىش سىياسىتى» دېگەن كىتابىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرالغۇ جاي، نىكاھ، بېرىش - كېلىش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلار

مۇناسىۋەتتىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتنى ۋە قانۇن ـ تۈزۈمنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىدۇ. چوڭ قورۇقلۇقتىكى ئالىملارنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن: جاڭ يۇنتيەن، چېڭ زۇگىخېنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىنغان «چىڭ سۇلالىسى ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلارنى باشقۇرۇشى»، مياۋ فۇشىڭنىڭ «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىنغان «چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئىسلام دىنى سىياسىتىغا قارىتا بىر نەچچە مەسىلىلەر»؛ فەن شياڭمىڭنىڭ «غەربىي ـ شىمال تارىخى» 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىنغان «چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىنىي سىياسىتىدىن قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسى ۋاڭ جۇڭفەننىڭ «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن» 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىنغان. «چىڭ دەۋرىدىكى مىللىي دىن سىياسىتىدىن بايان» قاتارلىق ئەسەرلەر بار. بۇ ماقالىلەر ئاساسلىقى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغان، مەمۇرىي جەھەتتىن تەۋە بولۇش، مىللىي ۋە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىنى باشقۇرۇش سىياسىتى توغرىسىدىكى بايانى بولۇپ بولغان تېما تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

يەنە بىر تۈردىكى نەتىجە — مىللىي قانۇن تۈرغۇزۇش نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى مىللىي قانۇن ـ تۈزۈمنى، قوشۇمچە چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمنى تەتقىق قىلىدىغان بولۇپ، ۋەكىل خاراكتېرلىك

مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن: ما جيەندېنىڭ «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي ـ شىمال ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا قانۇن تۈزغۈزۈشىغا مۇلاھىزە» دېگەن ئەسىرى؛ جاڭ زىگېنىڭ «غەربىي ـ جەنۇب مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن جۇڭگو قەدىمكى دەۋر قانۇن ـ تۈزۈم تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» دېگەن ئەسىرى؛ جېڭ چىنىنىڭ «مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىنغان «چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىدارە قىلىشىدىكى قانۇن ـ چارىلەر» دېگەن ئەسىرى؛ ليۇ گۇاڭئەننىڭ 1993 ـ يىلى جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «چىڭ دەۋرىدىكى مىللىي قانۇن تۈزغۈزۈش تەتقىقاتى»ناملىق ئەسىرى، بۇ كىتابنىڭ تۆتىنچى بابى مەخسۇس «ئۇيغۇر مىللىتىگە ماس كېلىدىغان قائىدە ـ قانۇن» نى مۇھاكىمە قىلغان بولۇپ، مەزكۇر كىتابتىكى مۇھىم كۆز قاراشلار «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن» 1989 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردىن يەنە ۋېن شاۋلىنىڭ، «غەربىي ـ جەنۇب مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىللىي قانۇن ـ تۈزۈمى ھەققىدە بايان» ناملىق ئەسىرى؛ جاڭ ۋېنئەن، ۋۇنىرېنىڭ «گۇاڭشى مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر دىنىي قانۇن ـ تۈزۈمى

ئۇستىدە دەسلەپكى بايان» ناملىق ئەسەرلىرى بار. بۇ نەتىجىلەرنىڭ مۇھىم جايلىرى — ئاپتورلارنىڭ كۆپىنچىسى قانۇن - تۈزۈم تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار بولۇپ، ئۇلار قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن - تۈزۈمگە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن - تۈزۈمىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو قەدىمكى دەۋر قانۇن - تۈزۈم تارىخىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى.

«ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» ۋە «ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇشغا قاراتقان ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىگە ئېرىشتى. 1991 - يىلى سۇ جىنىنىڭ «جۇڭگو قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «چىڭ دەۋرىدىكى تۆت چوڭ مىللىي قانۇن - تۈزۈمگە ئومۇمىي نەزەر» ناملىق ماقالىسى، چىڭ دەۋرىدىكى تۆت قىسىم مۇھىم مىللىي قانۇن - تۈزۈم بولغان، «موڭغۇل قائىدە - نىزامنامىلىرى» ، «شىنىڭ، چىڭخەي تائىپىلىرىنىڭ مىزانلىرى» «ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» ، «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قائىدە - مىزانلىرى» غا نىسبەتەن قەدەممۇ قەدەم تەھلىل يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ مۇھىم بولغان تارىخى ماتېرىيال بولۇشىدىن پايدىلىنىشتىن باشقا يەنە ئالىملار ئۇلارنىڭ نەشر نۇسخىسى ئەھۋالى، قانۇني ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ باردى، مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىرىدىن ياپونىيىلىك ئالىم

جياتنىڭ جى رېن 1978 ـ يىلى ئېلان قىلغان «〈ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قائىدە ـ نىزامنامىلىرىنى بېكىتىش، にЭて〉» ناملىق ئەسىرى، بۇ ئەسەر «ياپونىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخشۇناسلىق پېنىنىڭ 50 يىللىق تارىخشۇناسلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جاۋ يۇننىيەننىڭ «غەربىي ـ شىمال تارىخىي جۇغراپىيىسى» 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «چيەنلۇڭنىڭ ئوردا ئىشلىرى مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك ۋاسساللار مەھكىمىسى» قائىدە ـ نىزاملىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونى سىياسىي تۈزۈم ۋە مەمۇرىي قانۇن تەتقىقاتى بەگلىك تۈزۈم تەتقىقاتى بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم نۇقتا. 1963 ـ يىلى، ياپونىيىلىك ئالىم زوكوۋ شيۇ «18 — 19 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخ تەتقىقاتى» نى نەشر قىلدى، مەزكۇر كىتابنىڭ 3 ـ بابىدىكى «بەگلىك تۈزۈمى» 15 بەتتىن ئارتۇق ھەجىمنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بەگلىك تۈزۈمىنىڭ تارىخ ئۆزگىرىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم قائىدە ـ نىزاملار مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەكشۈردى ۋە مۇھاكىمە قىلدى. 1965 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، تەيۋەنلىك ئالىم ليۇ يىتاڭ «سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا «بەگلىك تۈزۈم تەتقىقاتى» دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، بەگلىك تۈزۈمىدىكى نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاپ چىقتى ھەمدە «بەگ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى تەھلىل قىلىپ، بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈردى ۋە

مۇھاكىمە قىلدى. 1982 ـ يىلى فىڭ جىۋېن «قەشقەر پىداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2 ـ سانىدا «فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى شىنجاڭنىڭ بەگلىك تۈزۈمى توغرىسىدا دەسلەپكى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، نۇقتىلىق ھالدا بەگلىك تۈزۈمىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلدى؛ مياۋ پۇشېڭنىڭ 1994 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بەگلىك تۈزۈمى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بەگلىك تۈزۈمىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، يوقىلىشى قاتارلىقلارنى بايان قىلىپ، ھازىرقى بەگلىك تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ يېڭى، مۇھىم ئەسەر بولۇپ قالدى. يۇقىرىدىكى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى يېڭى تارىخ ماتېرىياللارنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىپ شەرق ـ غەرب ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلدى، ئىلمىي ئاسلىقتىكى تەكشۈرۈپ تۈزىتىشمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نۇقتىغا ئايلاندى. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى چىڭ دەۋرىدىكى تارىخى ھۆججەتلەرنىڭ بايقىلىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى ھەمدە چىڭ دەۋرىدىكى ئارخىپلارنىڭ قېزىلىپ يېڭى ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشىغا ئەگىشىپ ئەسلىدە بار بولغان تەتقىقاتىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەمەلدارلار باشقۇرۇش قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتىدىن چى چېڭشۇنىڭ «غەربىي ـ شىمال تارىخى» نىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلان قىلىنغان «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ

بەگلىرىنىڭ ئالمىشىشى تۈزۈمى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1996 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار خىزمىتىنى كۆچەيتىشى ۋە ياخشىلاشتىكى مۇھىم تەدبىرلىرى» قاتارلىق ئىككى ماقالىسى بار. ئۇ خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ رايونىدىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى، تەمىناتى، تاللىنىشى، خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىغا جازا بېرىشى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈردى ۋە مۇھاكىمە قىلدى.

3. چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىسلام دىنىغا دائىر تەتقىقات

چېن گوگۇاڭ «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر رايونى ئىسلام دىنى قانۇنى مەسىلىسى» 1 ـ ھۆججىتى «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» 1990 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئەمەلىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەندىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈرگۈزگەن مەمۇرىي تۈزۈم ۋە قانۇن سىياسەتلىرىنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن تۈرغۇزۇش، ئەدلىيە، قانۇن ئورگانلىرى قاتارلىقلارغا بولغان تەسىرى ۋە چەكلىمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسلام دىنى مەسىلىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

«مەملىكىتىمىز شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىدىكى ئىسلام قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى»

دېگەن بۇ ئەسەر «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ قاراخانىيلار خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى ۋە چىڭ خاندانلىقى دەپ ئۈچ چوڭ دەۋرگە بۆلۈنگەن ھەمدە ئىسلام دىنى قانۇنىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى گۈللىنىش ۋە زاۋاللىشىدىكى تارىخى كۆرۈنۈشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن. قالغان مۇھىم نەتىجىلەردىن چېن گوگۇاڭ، شۇ شياۋگۇاڭلارنىڭ «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە ئىسلام دىنى قانۇنى» بولۇپ «غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1995 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلان قىلىنغان. ئۇيغۇرلار رايونى ئىسلام دىنى قانۇن تەسىرى ئاستىدىكى ھەق ـ تەلەپ قانۇنى تەتقىقاتى ئاساسلىقى ۋەسىيەتنامىنى تونۇشتۇرۇش ۋە دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا مەركەزلەشكەن. چېن گوگۇاڭنىڭ «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنى ھەق ـ تەلەپ مەسىلىسى ـ ۋەسىيەتنامە» سى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەسىيەتنامىسىدىن پايدىلىنىپ چىڭ دەۋرى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، مىراس ۋە مەسئۇلىيەت مەسىلىسى ۋە قەرز مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا 59 پارچە چىڭ دەۋرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەسىيەتنامىسىنىڭ مۇندەرىجىسىنى قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن.

لى جىنشىننىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى ۋەخپە تۈزۈم مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1994 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار

جەمئىيىتىدىكى ۋەخپە تۈزۈم تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. ئاساسلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگىنى ۋەخپىنىڭ تۈرى، كېلىش مەنبەسى، پايدىلىق تەرەپلىرى ۋە تەقسىملىنىشى ھەمدە ۋەخپە تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر قاتارلىقلار بولۇپ، ئاپتور ۋەخپە تۈزۈمى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلىدى ۋە زور دەرىجىدە تەسىر قىلدى دەپ كۆرسەتتى.

چەت ئەللىك سۈلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گېرمانىيە ئالىمى مادىن، خاتىمەن شىنجاڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى قوللانغان دىنلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بىر قىسىم ئالىملار بۇنى تەتقىق قىلدى. 1950 ـ يىلى ياپونىيىلىك ئالىم زوكتو «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 37 ـ بابىدا ئېلان قىلغان «جۇڭگو ئىسلام دىنى ئۆرنەكلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، جۇڭگونىڭ ئىچكىرىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن ئىسلان دىنى بىلەن خاتىمەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىسلام دىنىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ بۇ ئىككىسىدىكى ئورتاقلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئاۋستىرالىيىلىك ئالىم تانات دائىر سەيلى ۋە مۇھەممەت ۋاسىر بىرلىشىپ يازغان «لىۋجى قوللانغان ئەرەب ۋە پارس تارىخى تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرى «ئوتتۇرا شەرق ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىلىدىكى 26 ـ قېتىملىق ساندا ئېلان قىلىنغان بولۇپ بۇنىڭدىمۇ يەنە خاتىمەنىنىڭ ئەسىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار يېزىلغان بولۇپ ئەڭ

مۇھىم بولغىنى، ئۇلار ھەربىر كلاسسىك ئەسەرگە ماس كېلىدىغان ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەسلى نۇسخىسىنى ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. جۇڭگو ئالىمى چېن گوگۇاڭ 1988 - يىلى «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» نىڭ 4 - سانىدا ئېلان قىلغان «خاتىمەن كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەكشۈرۈشكە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە خاتىمەنىنىڭ مۇندەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىش كىرگۈزدى.

4. ئىقتىساد سىياسىي ۋە قانۇن - تۈزۈمگە دائىر تەتقىقات:

ياپونىيىلىك ئالىم داۋ تيەنناۋېڭنىڭ «چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ جان بېجى» دېگەن ئەسىرى تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1952 - يىللىق 61 - تومىنىڭ 11 - قىسمىدا ئېلان قىلغان بولۇپ ئىنتايىن مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن: ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ؛ چىڭ دەۋرى ئۇيغۇرلار باج تۈزۈمى ئىسلام دىنى قانۇن باج تۈزۈمى، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىكى چارۋا - ساياھەتچىلىك باج قانۇن - تۈزۈمى ۋە چىڭ سۇلالىسى باج قانۇن - تۈزۈمىنىڭ بىرىكمىسى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار بېجى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق ۋاقتىدىكىدىن تۆۋەن، بىراق نوپۇس بېجى تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىسلام دىنى قانۇنى بويىچە مۇسۇلمانلار باج تاپشۇرماسلىقى كېرەك بولغاچقا، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇبوخۇنىڭ «چىڭ سۇلالىسى ئالدىنقى مەزگىللەردىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالۋاڭ - ياساق تۈزۈمى» دېگەن ئەسىرى «شىنجاڭ

تارىخى تەتقىقاتى» نىڭ 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر خەنزۇچە ماتېرىياللارنىڭ ئاساسلىنىپ سىستېمىلىق ھالدا چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ باج تۈزۈمىنى شەرھلىگەن.

5. چىڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر رايونىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا دائىر تەتقىقات

ئەسلىدە بار بولغان نەتىجىلەر ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىش ۋە جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت.

چى چىڭشۈنىڭ «چىڭ دەۋرى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىشتىكى تەتقىقات» دېگەن ئەسىرى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى» نىڭ 1984 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىغان، ياپونىيىلىك ئالىم چۈەنچيۇجاۋتىلاڭنىڭ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونلارغا جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىشى — چىڭ سۇلالىسىنىڭ سۈرگۈن سىياستى ۋە چېگرا رايون» دېگەن خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى خاتىرلەر «جىلىن پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1986 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا بېسىلغان. يى جىرۇنىڭ «جىنايەتچىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى باشقۇرۇلۇشىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىنايى ئىشلار تۈزۈمىگە نەزەر» دېگەن ئەسىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. جۇ فەننىڭ «چىڭ سۇلالىسى قانۇن مەسىللىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ كۆچمەنلىرى» دېگەن ئەسىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1997 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا

ئېلان قىلىنغان بولۇپ ئۇ چىڭ سۇلالىسى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان كۆز قارىشىغا قوشۇلمىدى. بۇ ئەسەر «چىڭ سۇلالىسى قانۇن مىساللىرى» نى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەمەلدار قانۇنى نوپۇس قانۇنى، ئەدەپ ـ ئەخلاق تۈزۈمى، ئەسكەر، جىنايى ئىشلار قانۇنى، سانائەت قانۇنى قاتارلىق تەرەپلەردە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بېرىپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەكلىكىنى، ھەممىنى بىراقلا ئىنكار قىلماسلىق توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغان ۋاقىتتا، گەرچە ئىلىم ـ پەن ساھەسى، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىي نەتىجىلەر نۇقتىسىدىن قارىغاندا يەنە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت.

بىرىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈم تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق، چوڭقۇر بولۇشى كەمچىلىكلەرگە ئىگە. بۇگۈنگە قەدەر بىرمۇ ئورۇن بۇ مەسىلىنى بايان قىلغان بىرمۇ ئەسەرنى ياراتمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن: دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىشتى گەرچە بۇ توغرىسىدا كۈچ ۋە تەتقىقاتلار ئاز بولسىمۇ لېكىن يەنىلا كۆپ مەسىلىلەر تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

ئۈچىنچىدىن: بۇ تېمىنىڭ تەتقىقاتى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان بوشلۇقلار مەۋجۇت، مەسىلەن: چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونى قانۇن ـ تۈزۈمىدىكى كۆپ خىللىشىشتەك ئالاھىدىلىكى، چىڭ سۇلالىسى قانۇنى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ بۇرۇنقى كونا ئۆرپ

- ئادەتلىرى ئۇتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشى ۋە بىرلىشىش مەسىلىلىرى، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بىرنەچچە خىل ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىسلام دىنى قانۇنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى قاتارلىقلار بولۇپ، ھازىرقى بار بولغان نەتىجىلەرنىڭ بىرىگىمۇ چېتىلمايدۇ. شۇڭلاشقا مەزكۇر كىتابنىڭ چېتىلدىغىنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھەمدە يەنە ئورغۇنلىغان سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بىر تېما. مۇئەللىپ ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن، يەنە بىر قېتىم ئىزدىنىپ ۋە ئورۇنۇپ بېقىپ، غەربىي يۇرت تارىخى ۋە چىڭ دەۋرىدىكى مىللىي قانۇن - تۈزۈم تارىخى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئازغىنە كۈچىنى ئايىماي ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئەلۋەتتە، بۇمۇ پەقەتلا دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىزدىنىش ۋە ئورۇنۇش.

## 2- باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىدا يۈرگۈزۈلگەن مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈملەر ئۈستىدە تەتقىقات

ھازىرقى زامان قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى: مەمۇرىي قانۇن — دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلارنى تەرتىپكە سېلىپ مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە شۇنىڭدەك مەمۇرىي ھەرىكەتلەرگە قارىتا نازارەت قىلىش ئېلىپ بارىدىغان قانۇنىي ئۆلچەملەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر، دەپ قارايدۇ. مەمۇرىي قانۇننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولسا دۆلەت بېكىتكەن مەمۇرىي ئورگانلار تەشكىلاتى، ھوقۇقى، ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى، تەرتىپى شۇنىڭدەك مەمۇرىي مەسئۇلىيەت.

جۇڭخۇا قانۇن مەدەنىيىتى — بىر خىل ئومۇمىي قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىدىغان قانۇن مەدەنىيىتى بولۇپ، ئاممىۋى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگو قەدىمكى زاماندىكى مەمۇرىي قانۇن جۇڭخۇا قانۇن سىستېمىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم مەزمۇن. مەمۇرىي ئىشلار ئاساسلىقى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا تايىنىپ يۈرگۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئەمەلدارلار ئىدارە قىلىش قانۇنى تەبىئىيلا جۇڭگو قەدىمكى زاماندىكى مەمۇرىي قانۇندىكى يادرولۇق مەزمۇن بولۇپ

قالدى. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاتاقلىق قانۇن ـ تۈزۈم تارىخ ئالىمى جاڭ جىنفەن ئەپەندى مۇپەسسەل شەرھىيلەپ، مۇنداق دېگەن: فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزۈش، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى كونترول قىلىش ھەم ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم بىر ھوقۇق ۋاستىچىغا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ ھوقۇق ۋاستىچى دەل ئورگان. ئورگان — دۆلەتنىڭ گەۋدىسى باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ فۇنكسىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئادىمىيلىك قىممەتكە ئىگە بولغان قورال. جۇڭگو قەدىمكى زامان جەمئىيىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئادەم بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ ماھىيىتى — دەل ئورگان ئارقىلىق ئىدارە قىلىش.

ئورگان ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ رولىنى كۈچەيتىش ئورگانلارنى باشقۇرۇشقا ئېھتىياجلىق. خەن فېيزى ئېيتقاندەك: «دانا ھۆكۈمران ئەمەلدارلارنى باشقۇرىدۇ، ئاۋامنى باشقۇرمايدۇ» . بۇ فېئودال پادشاھلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — ئورگانلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ـ ئورگانلارنى (ئەمەلدارنى) ئىدارە قىلىش — ئەمەلدارلار ئىدارە قىلىش ـ ئاۋامنى ئىدارە قىلىشنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى شەكىللەندى. بيۇروكرات قوشۇن فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئاساسى بولغاچقا، ئەمەلدارلارنىڭ ئەھۋالى يەنە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشىغا چېتىلىدىغان بولغاچقا ناھايىتى بۇرۇنلا قانۇن ئارقىلىق ئورگانلارنى ئىدارە قىلىدىغان ئەنئەنە شەكىللىنىپ، ناھايىتى چوڭ بولغان بيۇروكرات سىستېمىسىنى مۇستەھكەملىگەن ھەم ئۇنىڭ

ئىشلىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئەمەلدارلارنى ئىدارە قىلىش قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى — بيۇروكراتلارنىڭ ۋەزىپىسى، ھوقۇقى، مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. بيۇروكراتلارنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەڭشىشى، ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش مېخانىزىمىنى بېكىتىش، ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى يۈرگۈزۈش، ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىرى قانۇنغا رىئايە قىلىش، دۆلەت ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش، ھۆكۈمران ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەمەلدارلار باشقۇرۇش قانۇنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ ئەمەلدارلار تەشكىلىي قۇرۇلۇش، مەمۇرىي ھەرىكەت، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت پىلانى، ئاۋامنى باشقۇرۇش ئىشلىرى، ئەدلىيە - سوت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەگەر جۇڭگو قەدىمكى زاماندىكى مەمۇرىي قانۇن جۇڭخۇا قانۇن سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئەمەلدارلار باشقۇرۇش قانۇنى — قەدىمكى زامان مەمۇرىي قانۇنىنىڭ يادروسى بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، بۇ باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار رايوندا يۈرگۈزۈلگەن مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈملەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ۋاقتىتا، ئاساسلىقى مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ۋە ئەمەلدارلار باشقۇرۇش قانۇنىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ئەمەلدارلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە شتات، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى، ئەمەلدارنى

ئىشقا قويۇش، قالدۇرۇش ۋە ئۆستۇرۇش، تەكشۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش، ئىش ھەققى ۋە دەم ئېلىش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلىيەتتە ئىككى يۈرۈش سىستېمىغا بۆلۈنىدۇ. يەنى، مەركەز مۇسۇلمانلار رايونىدا تۇرۇشلۇق ئەۋەتكەن ئەمەلدار سىستېمىسى بىلەن مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان بەگلىك تۈزۈمى سىستېمىسى بولۇپ ھەرقايسىنىڭ مەمۇرىي قانۇن - تۈزۈملىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس.

**1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى**

چىڭ سۇلالىسى بىلەن مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ سىياسىي جەھەتتە يېقىنلىشىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، شۇنجىڭ 3 - يىلى (1646 - يىلى) گەنسۇغا يېقىن بولغان تۇرپان چىڭ سۇلالىسىغا تارتۇق ئەۋەتكەن ( « » )

ئارقىدىنلا قومۇلمۇ چىڭ سۇلالىسىگە «مەڭگۈ ساداقەتمەن بولۇپ ئولپان تاپشۇرىدىغان» لىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنجىنىڭ 13 - يىلى (1656 - يىلى) تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولدىكى يەركەن رەسمىي ھالدا ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەت ئورناتقان.

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، دەسلەپكى مەزگىلدە تىنچلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار رايونىنى ئۆزىگە تارتىشنى ئۈمىد قىلىپ، جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئىلىدا قامالغان مۇسۇلمانلار ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئەخمەت

خوجىنىڭ ئوغلى بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھان يەنى «چوڭ ـ كىچىك خوجىلار» نى يەركەنگە ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسى مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنى «مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى» قىلىپ تەيىنلەپ چىڭ سۇلالىسىغا ۋەكىل بولۇپ مۇسۇلمانلار رايونىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ناھايىتى تېزلا مۇسۇلمانلار رايونىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئىگىلەپ پادشاھ بولۇش خام ـ خىيالىدا بولدى» چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتتى.

چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى) چيەنلۇڭ جاۋخۇي ئوتتۇرىغا قويغان مىرزا ھۇدىنى مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويۇش تەلىپىنى رەت قىلىپ مەركەزدىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ مەسئۇللۇقى ئاستىدا، ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئايرىم باشلىق تەيىنلەپ، بۆلۈپ ئىدارە قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

يېڭىدىن بەيئەت قىلغانلارنى قوبۇل قىلىش، ھۇدىنى ۋاقتىنچە باشقۇرۇشقا قويۇش، ئەگەر يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلار تىنچىتىلىپ، مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇشقا ئادەم تەيىنلەيدىغان ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنى ھەرگىزمۇ باشقۇرۇشقا قويماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى كونا تۈزۈمى بويىچە ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئايرىم باشلىق تەيىنلەپ، ئۇلار ئىلىدا تۇرۇشلۇق جياڭجۈننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇش، يەنى كۆچاغا بىر باشقۇرغۇچى ئامبال ئەۋەتىش.

چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى)، مۇسۇلمانلار رايونى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلگىرى مۇسۇلمانلار رايونىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغانىدى. 11 ـ ئايدا چيەنلۇڭ خان خان يارلىقىنى چۈشۈردى:

غەربىي چېگرادىكى ئۇلۇغ ئىشلار غەلىبە بىلەن ئاياغلاشتى. ئىشلارنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىش لازىم. ئىلگىرى قۇمۇل، بارىكۆل، پىچان قاتارلىق جايلاردا ئاشلىق يىغىش ئۆتەڭلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچكىرىدىن ئەمەلدار ئەۋەتىپ باشقۇرغان. بۈگۈنكى كۈندىكى ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجى ئىنتايىن جىددىي ھەم يېڭى رايون خەرىتىگە كىرگۈزۈلدى. ھەممە ئادەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئاۋۋالقىدەكلا ئۆز ئىشنى ئىشلىرىنى بېجىرىش ئاساسلىق ۋەزىپە، بۇ بىر ئالاھىدە تۈزۈم بولۇپ قالسۇن، گەنسۇدىكى ھەرقايسى قوشۇنلاردىكى ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپرەك مۇستەقىل بولۇشى، ئەسلىدىكى چېگرالارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىشنى مەقسەت قىلدى، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭغار، مۇسۇلمانلار تىنچىتىلدى، ئەسكەرلەرگە بوز يەر ئاچقۇزۇلدى، ئېلىدىن تارتىپ يەركەنگە بارغىچە بولغان چېگرالار ئىچكى رايونلارغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل بارىكۆلنىڭ غەربىدىكى مەھكىمىلەر ئادەم ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ ئۇقتۇرۇش چىقارغان بولۇپ، ئالاقىدار ئەمەلدارلارنىڭ يېرىمى ئىچكىرى رايوندىن كېلىش، يېرىمىنى يەرلىكتىن كۆپەيتىپ تولۇقلاش، بوز يەر ئېچىۋاتقان ھەرقايسى قوشۇنلار جياڭجۇننىڭ

كۆرسەتمىسى بويىچە بىرلىكتە كۆچ چىقىرىپ دۆلەت چېگرىسىنىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چىڭ ھۆكۈمىتى دەسلەپتە مۇسۇلمانلار رايونىدا ئىچكىرى جايلاردىكىگە بىلەن ئوخشاش ۋىلايەت، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى تەسىس قىلىشنى ئويلىغان.

بىراق، چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلار رايونىنى تىنچىتىش جەريانىدا، چىڭ ئارمىيىسى ھەربىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە «ئەسكەرلەرنى قالدۇرۇپ قوراللىق باستۇرۇش» نى يولغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ ئەمەلدارلارنى يەنى، مۇداپىئە ئامبىلى، مەسلىھەتچى ئامبال، لەشكەر بېشى ئامبىلى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلار رايونىدا ئەسلى بار بولغان كونا ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، بەگلىك تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي يېڭى ۋەزىيىتى ئاللىقاچان بارلىققا كەلدى. چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ كۈنى (1760 ـ يىلى) شەنشى، گەنسۇ باش ۋالىيسى ۋە مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خېدى مەكتۇپ يوللاپ «ئىلى، ئاقسۇ، يەركەن قاتارلىق جايلاردا بىر نەپەر باشبۇغ، بىر نەپەر ھەربىي ھازىرلىقلارغا مەسئۇل ئەمەلدار تەسىس قىلىش ياردەمچى، ياندىش ئايماق بېگى، باش دىۋان، سەييارە مىڭبېشى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى قويدى

جەنۇب ـ شىمال ئىككى يولنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن

كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش» . چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار رايونىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوخشاش تۈزۈمنى قوللىنىش لايىھىسىنى ئېنىق ئىنكار قىلدى. «ئىلى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىش بېجىرگۈچى ئامبال بار بولۇپ يىراق - يېقىننى باشقۇرالايدۇ. ئەگەر جىن داۋدىن تۆۋەن ھەرقايسى ئەمەلدارلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلغاندا، چەت جايلارنىڭ تۈزۈلمىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيلا قالماستىن، بارلىق يامۇللارنى قۇرۇش ۋە ئىش ھەققىنى كۆپەيتىشكە كېتىدىغان خىراجەتلەرنى ئىچكىرى جايلاردىن ئەكىلىشكە توغرا كەلگەچكە، ناھايىتى چوڭ ئىسراپچىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇسۇلمانلار ئاسان قوبۇل قىلالماي، ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغاندا ئۇلار بىلەن كېلىشىش تەسكە چۈشىدۇ. ئومۇمەن شىنجاڭدىكى بارىكۆل، قۇمۇل قاتارلىق جايلار ئىچكىرى جايلار بىلەن ماسلىشىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلى ئەتراپىدا مانجۇ جياڭجۈنى ئورۇنلاشقان» . شۇ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى قايتا پەرمان چۈشۈرۈپ: «يېڭى ئېچىلغان جايلاردا ئامبال ئورۇنلاشقاندىن باشقا ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلىش ھاجەتسىز» دېدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار رايونىدا مانجۇ ئەمەلدارلار ئورۇنلىشىپ ھەرقايسى جايلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان، ھەربىي بىلەن مەمۇرىيەت بىرلەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىلدى.

مۇسۇلمانلار رايونىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى

مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتتە ئىچكىرى جايلار بىلەن بولغان پەرقى چوڭ. ئەگەر پەقەت مانجۇ ھەربىي ئەمەلدارلارغا تايىنىپ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەندە ئىنىقكى يۈرگۈزگىلى بولمايدۇ. بۇ — دەل چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىغا قويغان «شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ماسلىشىش» نىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. ھەل قىلىش ئۇسۇلى — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى مۇقىملاشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىدا، شەرتلىك ئاساسىدا مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ كونا باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىنى ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرۇش.

چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلار رايونىنى تىنچىتىش جەريانىدا، مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارلاردىن مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ كونا تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىپ، مۇسۇلمانلار رايونىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى.

چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى شۇ خېدى ئاقسۇ بەگلىرىنىڭ دەرىجىسىنى قارار قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئاقسۇدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە، يېزا ـ قىشلاقلار كۆپ بولغاچقا، كونا سىستېما بويىچە مىراپبەگ قاتارلىقلار باشقۇراتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئىچكىرىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت دەرىجىسى، ھوقۇق دائىرىسى قاتارلىقلارنى بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ». چىڭ ھۆكۈمىتى شۇ خېدىنىڭ

مەكتۇپىنى ناھايىتـــى توغرا دەپ قارىدى ھەمدە: «مەكتۇپقا ئاساسەن ھاكىـــمبەگ ئۈچ دەرىجە، ئىشانبەگ تۆت دەرىجە، غەزىنىچى بەگ بەش دەرىجە بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن ئەمەلدارلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھىممەتلىرىگە ئېرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بەگ مىراب قاتارلىقلار 6 ـ 7 ـ دەرىجە تاللاپ تولۇقلىما بېرىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئۇلار ھەرقايسى شەھەلەرنى بىرلىكتە باشقۇرىدۇ. بىراق، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زور قوشۇن بىلەن باستۇرۇلغان بولۇپ، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلار چىڭ ھۆكۈمىتىگە سەممىي ـ سادىق بولۇپ، ئىلگىرى يۇسۇپ، ئىمىن خوجىلار ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر ھەرقايسى ئەمەللەرگە ئېرىشكەن. بۇ جايلارنى مۇسۇلمانلار باشقۇرىدىغان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغاچقا، ھەممىســـى دېگۈدەك ئۆزىنىـــڭ ئەمەلدارىغا سادىق بولغان. كەلگۈسىدە ھاكىمبەگ قاتارلىق چوڭ بەگلەر نۆۋەت بىلەن ئوردىغا كىرگەندە سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن كىچىك بەگلەردىن ۋە باج ـ سېلىقلاردىن چىقىم قىلاتتى.

بۇنىڭغا ئەگىشىپلا چېگرانى تىنچىتقۇچـى جياڭجۈن جاۋ خۈيمۇ چىڭ سۇلالىسىگە قەشقەر رايونىنى تەكشۈرگەندە ئايان بولغان مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ مۇسۇلمان جەمەتىدىكـى كونا بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىســدا مەكتۇپ سۇنۇپ، كەلگۈسىدە شۇ يەرلىـــك جايدا ئاز سانلىـــق مىـــللەتلەر ئەمەلدارلىرىنى تەسىس قىلىش لايىھىسى توغرىســدا دوكلات قىلدى:

مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارلىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئايان بولۇشچە، ھاكىم بولسا بىر شەھەرنى باشقۇرىدىكەن. ئىشىكئاغا ھاكىمغا ياردەملىشىدۇ. شاڭ بېگى — باج - سېلىقنى باشقۇرىدىكەن؛ قازى — جىنايەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن؛ مىراب — سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن ناقىببەگ بولسا ھۈنەرۋەنلەرنى باشقۇرىدىكەن؛ پاششاپ - ئوغرىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن؛ مۇتسىبەگ — ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مۆتىۋەللى — يەر، تۇرالغۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ دورغا بېگى ئۆتەڭلەرنى باشقۇرىدۇ؛ باجگىر — باج ئېلىشنى باشقۇرىدۇ؛

ئەرباببەگ - غەللە - پاراق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ شىغاۋۇل بەگ - دورغا بەگكە ھەمدەملىشىدۇ؛ باغتار بەگ باغ - ئورمان ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مىڭ بېگى «ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مىڭ بېشى بىلەن ئوخشاش. ھازىر قەشقەر ھاكىمىدىن بىرسى كەم، تۇرپاننىڭ مۇئاۋىن تەيجىسى مۇسا ۋاقتىنچە تەكلىپ قىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ قالغان ئەمەلدارلار قوشۇنىمىز ئۇچۇن كەتمەن چاپقان، ئاسىيلارغا ئەگەشمىگەن ئۇيغۇرلاردىن تاللاپ سەپلىنىدۇ.»

چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى)، چيەنلۇڭ ھەربىي ۋەزىرلىرىگە: «بۈگۈن چوڭ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى. مۇسۇلمانلار ئەمەلدارلارغا سادىق بولۇپ ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلار بىلەن تەڭ بولمىدى، مۇشۇنداق سادىق مۇسۇلمانلارنى تاللاپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قابىلىيەتلىرىكلىرىگە بەگلىك ئۇنۋانى بېرىش كېرەك. ئەسلىدىكى

قائىدە بويىچە كونا باج ـ ھاشار ئىشلىرى مۇشۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنسۇن»② دېدى. بۇ يىلى 3 ـ ئايدا، يەركەن ئىش بېجىرگۈچى باش تۇتۇقى شىنجۇ مۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: مۇسۇلمانلار رايونىدىكى يەركەن قاتارلىق جايلاردا تۇرپان، قۇمۇلغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن باۋجىيا تەسىس قىلىش، چېك ھۆكۈمىتى دەرھال قوبۇل قىلماي، بەلكى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئەمەلدارلاردىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىشنى تەلەپ قىلدى. «ئىلگىرى ئەنشى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا باۋجىيا قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ جايلار ئىچكىرىگە يېقىنراق بولغاچقا، مۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىش ئاسانراق بولغان، بۇگۈن يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلار يېقىندىن ئېچىلغان رايونلار بولۇپ، ئىچكىرىگە ئوخشاش باۋجىيا تۈزۈمىنى قوللىنىشتا چوقۇم مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسسىياتى، يەرلىك ئەھۋاللىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ پايدىسىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھازىر شۇ خېدى مۇسۇلمانلارنى رايوننى باشقۇرۇۋاتىدۇ، شىنجۇ، ئىمىن خوجا قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ تونۇشۇش ۋە كېلىشىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ». ئاخىرى، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى شۇ خېدى مۇسۇلمانلار رايونىدا باۋجىيا تۈزۈمى يۈرگۈزۈش تەكلىپىگە قارشى تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ رايونىنىڭ كونا تۈزۈمىنى داۋاملىق قوللىنىشتا چىڭ تۇردى. قۇمۇل، تۇرپاندا ئىچكىرى رايونلارغا ئوخشاش 10 ئائىلىگە بىردىن باۋچاڭ تەسىس قىلىنىپ، نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولدى، بىراق، ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسى بۆلۈنۈپ پۇقرالارغا ئوخشاش بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلاردىكى ھەرقايسى بەگلەر ئومۇمەن ھەرقايسى

ئىشلارنى باشقۇرغاندا مەخسۇس تارماق ئەمەلدار بارلىققا كېلىپ پۇختا بولۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر باۋجيا قىلىپ ئۆزگەرتىلسە ۋەزىيەت قالايمىقان بولىدۇ. بەگلەر ئۆزى بىر ئادەم بولالماي باۋجياغا تەۋە بولۇپ قالىدۇ، ئەسلىدىكى كونا تۈزۈم بويىچە هاكىمبەگ قاتارلىقلار هەرقايسى جايلارنىڭ باشلىقى بولۇپ، هەرقايسى كەنتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى تولۇقلاپ سايلاشقا مەسئۇل، كەم بولغاندا باشقۇرىدىغان رايونلار ئىنتايىن مۇهىم بولۇپ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ۋاقتىدا قول سېلىپ ئايرىم تەكشۈرۈش ناهايىتى مۇهىم. ئەگەر ئەمەلدار كۆپەيتىلسە بۇ ئەمەلدار هەرقايسى ئىشلارنى باشقۇرۇپ هاكىمبەگلەر بىلەن بىللە پات ـ پات (توختىماي) تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك»

.

چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىچكىرى رايوندىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلار رايونىدىكى كونا بەگلىك تۈزۈمىگە قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدىكى بىر مۇهىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردى.

«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن پادىشاھ غەربىي يۇرتنى تىنچىتىپ ئەمەلدار تەسىس قىلدىم، بەگ يەنىلا كونا ئىسىم بولۇپ، سۇلالىمىزنىڭ ئەمەلدارلىق دەرىجىسى قىلىندى. ئۇ 3 ـ دەرىجىدىن تۆۋەنلەپ 7 ـ دەرىجىگىچە بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىچىدىن قوشۇنغا كۆچ چىقارغان ۋە ساداقەتمەنلەر بۇنىڭدىن بەهرىمەن بولىدۇ. سانىنىڭ

ئاز ـ كۆپلۈكى، يەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە، ئاۋات، باياشادلىققا ياكى ئەمەلدارنى بىكار قىلىش ۋە تەسىس قىلىش ھەم ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ھەرقانداق ۋاقىتتا خانغا مەلۇمات يوللاشنىڭ قەرەلى بولمايدۇ».

بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار رايونىدا ئەمەلدار ۋە قوشۇن تۇرغۇزۇپ، بىر يۈرۈش مەركەز ئەۋەتكەن ھەر دەرىجىلىك چوڭ ئەمەلدارلار ۋە مۇسۇلمانلار رايونىدىكى بەگلىك تۈزۈمىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ۋە مۇسۇلمانلار رايونىدىكى كونا تۈزۈمنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ مەنبەلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ھەربىي بىلەن مەمۇرىي بىرلەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى، بۇ تارىختا «ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى» دەپ ئاتالدى.

«ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى» توغرىسىدا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ھازىر ئۇنى بېكىتىشتە، كۆپچىلىكى ئۇنىڭ ھەربىي باشقۇرۇش خاراكتېرىنى تەكىتلەپ، ئۇنىڭ مەمۇرىي فۇنكسىيىگە سەل قارايدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ. مەسىلەن: «شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى مەدەنىيەت لۇغىتى» دە «ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى» دېگەن ئىسىمغا قارىتا ... «جياڭجۈن ۋە ھەر دەرىجىلىك تۇرۇشلۇق ئامباللار پەقەت ھەربىيگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. خەلق ئىشلىرى، مەمۇرىي بىلەن كارى يوق. خەلق ئىشلىرى، مەمۇرىي ئىشلار كونا ئادەت بويىچە، شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ۋاڭ، بەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى پەقەت مۇشۇ

ۋاڭ، بەگلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى، يۆتكىلىشى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە تۇرۇشلۇق ئامباللارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا ھەربىي ئىشلار بولۇپ خەلق ئىشلىرى بىلەن كارى يوق. بۇ نۇقتىنى ئاپتور بۇ كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك باب ـ پاراگرافلىرىدا بايان قىلىدۇ. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىگە ئېنىقلىما بېرىشتە ئاپتور گوەن شۇشىن دوكتۇرنىڭ كۆز قارىشىنى قوللايدۇ. يەنى «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى بولسا بىر خىل ھەربىي بىلەن سىياسىي بىرىكتۈرۈلگەن. ھەربىي بىلەن سىياسىي بىرلىككە كەلگەن سىياسىي باشقۇرۇش سىستېمىسى».

## 2. مەركەز مۇسۇلمانلار رايونىدا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ھەربىي سىياسىي ئاپپاراتلار ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇش قائىدە ـ قانۇنلىرى

(1) ئاپپاراتلار ۋە ئەمەلدارلار

1. مەسلىھەتچى ئامبال

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىدا تەسىس قىلغان مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەڭ ئالىي ھەربىي سىياسىي ئەمەلدار — «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال» ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ مۇسۇلمانلار رايونىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلىرىنى

باشقۇرىدۇ. مەسلىھەتچى ئامبال ئەسلىدە ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان ھەربىي ئىشلار ئەمەلدارى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ناھايىتى چوڭ ھەربىي ئىشلار ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، باش قوماندانىنىڭ تۆۋىنىدە دائىم دېگۈدەك مەسلىھەتچى ئامبال ئەۋەتىپ، ھەربىي ئىشلارغا مەسلىھەت بېرەتتى ۋە تارماق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى. موڭغۇل ۋە شىنجاڭ رايونىدا بولسا ئۆزگىرىپ ھەربىي - سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل چوڭ ئەمەلدار بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئورنى مۇداپىئەگە مەسئۇل جياڭجۇندىنلا كېيىن تۇراتتى.

«مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال»، يەنە «مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەسىس قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا يازما ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر بىردەك ئەمەس.

«چىڭ سۇلالىسىغا دائىر تارىخ ماتېرىياللىرى» دا تەسىس قىلىنغان ۋاقتى چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى دېيىلگەن، بىراق «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» قاتارلىق ماتېرىياللاردا — مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تەسىس قىلىنغان ۋاقتى «چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى تەسىس قىلىنغان» دېيىلگەن.

مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردە قەشقەردە تۇرغان بولغاچقا، تارىختا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى دەپ ئاتىلىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) ئىلى جياڭجۇنى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن

ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. بۇ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان بولۇپ، چيەنلوڭنىڭ 31 ـ يىلى (1766 ـ يىلى) ئۇچتۇرپانغا يۆتكەلگەن. 51 ـ يىلى (1786 ـ يىلى) يۆتكىلىپ قەشقەرگە بارغان. داۋ گۇاڭنىڭ 11 ـ يىلى (1831 ـ يىلى) يەركەنگە يۆتكىلىپ يەركەن مەسلىھەتچى ئامبىلى دەپ ئاتالغان. گۇاڭ شۈينىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمال رايونىنىڭ مەمۇريي تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ مەسلىھەتچى ئامبال بىكار قىلىنغان.

«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى يامۇلىنىڭ ئەمەلدار تەسىس قىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك: يانداش ئامبال بىر نەپەر، زەڭگى بىر نەپەر، مۇسۇلمانلارنى باشقۇرىدىغان زەڭگى بىر نەپەر، چارۋىچىلىققا مەسئۇل زەڭگى بىر نەپەر، ئاشلىق ئىشلىرى ئىدارىسىغا مەسئۇل زەڭگى بىر نەپەر، ئىشچى تۆت نەپەر، مۇئاۋىن ئىشچى توققۇز نەپەر، ياساۋۇل 18 نەپەر.

ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، مانجۇ قوشۇنى ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن بار ئىدى. مانجۇ قوشۇنىدا ياندىش ئامبال، ياردەمچى ئەمىر، تۇرغاقبەگ قاتارلىقلاردىن بىر نەپەردىن، چەۋەندازلار چېرىكچىسىدىن ئۈچ نەپەر تەسىس قىلغان. مانجۇ قوشۇنىدىكى مۇداپىئە قوشۇنى 400 نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇندا مۇئاۋىن سانغۇن بىر نەپەر. مىڭبېشى بىر نەپەر، ئەمىرلەشەر ئۈچ نەپەر، سىرتقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان

باش دۇۋان يارده‌مچىسى ئىككى نەپەر، يېشىل توغلۇق قوشۇندىكى ئەسكەر 611 نەپەر.

مەسلىھەتچى ئامبال مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مەسلىھەتچى ئامبال قول ئاستىدىكىلەرنى مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە ئەۋەتىپ ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىشلىرىنى كونكرېت باشقۇرىدىغان ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ۋە لەشكەر بېشى ئامبىلى تەسىس قىلىنغان.

2. ئىش بېجىرگۈچى ئامبال

ئىش بېجىرگۈچى ئامبال، لەشكەر بېشى ئامبالنىڭ تەسىس قىلىنىشمۇ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئوخشاش بىر ۋاقىتلىق خاراكتېردىكى ھەربىي ئەمەلداردىن چېگرا رايوندا دائىمىي تۇرۇشلۇق ھەربىي بىلەن سىياسىي بىرلەشكەن ئەمەلدارغا ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. مۇسۇلمانلار رايوندا ھەرقايسى شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان ئىش بېجىرگۈچى ئامبال جەمئىي ئالتە نەپەر بولۇپ ئايرىم ھالدا يەركەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. ئىش بېجىرگۈچى ئامبال چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، بىر شەھەرگە قاراشلىق بارلىق يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كۆمۈش تامغا ئىشلىتىدۇ. ئىش بېجىرگۈچى ئامبال يامۇلنىڭ مۇھىم ئاپپاراتلىرى ئاشلىق ئىدارىسى، يېشىل توغلۇق قوشۇن ھەربىي سىستېمىسى قاتارلىقلار. «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قاراشەھەر مۇسۇلمان تائىپىلىرىنى

باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان. قۇمۇلدا بولسا يانداش ئايماقبېگى تەسىس قىلىنغان.

«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دا خاتىرىلەنگەن ھەرقايسى ئىش بېجىرگۈچى ئامباللار ۋە قول ئاستىدىكى ئەمەلدار شۇنىڭدەك يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ مۇداپىئە ئەھۋاللىرى تۆۋەندىكىچە:

يەركەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بىر نەپەر، ياندىش ئامبال بىر نەپەر، زەڭگى ئىككى نەپەر، ئاشلىق ئىدارىسىگە مەسئۇل زەڭگى بىر نەپەر، بېتىكچى ئۈچ نەپەر، مۇئاۋىن بىتىكچى يەتتە نەپەر، ياساۋۇل 12 نەپەر، مانجۇ قوشۇندىكى ياردەمچى ئەمىر ئىككى نەپەر چەۋەندازلار چېرىكچى بېگى ئىككى نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇن مۇئاۋىن جياڭجۇنى بىر نەپەر، ھەرىكەتچان سانغۇن بىر نەپەر، باش دىۋانبېگى ئىككى نەپەر، مىڭبېشى ئۈچ نەپەر، لەشكەر بېشى ئالتە نەپەر، سىرتقى ھەيئەت توققۇز نەپەر. مانجۇ قوشۇندىكى ئەسكەر 200 نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەر 673 نەپەر. ئۇچتۇرپان مۇپەتتىش ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بىر نەپەر، زەڭگى بىر نەپەر، بىتىكچى ئىككى نەپەر، مۇئاۋىن بىتىكچى تۆت نەپەر، ئىشتىن سىرتقى مۇئاۋىن بىتىكچى بەش نەپەر، تەكلىپ قىلىنغان كاتىپ 11 نەپەر، ئاشلىق ئىدارىسىگە مەسئۇل زەڭگى بىر نەپەر. ئالتە نەپەر، ئەمىر بىر نەپەر، تۇرغاقبەگ بىر نەپەر چەۋەندازلار چېرىكچى بېگى بىر نەپەر، شەھەرنى قوغدىغۇچى باش دىۋانبېگى بىر نەپەر. تۇرغاق سانغۇن بىر نەپەر، مىڭبېشى بىر نەپەر، بازوڭ ئۈچ نەپەر، تاشقى ئەمەلدار يەتتە نەپەر ساندىن ئارتۇق تاشقى ئەمەلدار

ئىككى نەپەر. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جياڭجۈنى بىر نەپەر. تۈرغاقبەگ ئىككى نەپەر، مىڭبېشى ئىككى نەپەر، بازوڭ بىر نەپەر. مۇداپىئە قىلغۇچى مانجۇ ئەسكەرلىرى 146 نەپەر، يېشىل تۇغلۇق ئاتلىــــق پىــــيادە ئەسكەرلەر 670 نەپەر. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەر 250 نەپەر.

ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بىر نەپەر. ئاشلىــــق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى زەڭگى بىر نەپەر، بىتىكچى ئىككى نەپەر، مۇئاۋىن بىتىــكچــــى بەش نەپەر. مانجۇ قوشۇندىكى ياندىش ئەمىر بىر نەپەر، تۈرغاقبەگ بىر نەپەر، چەۋەندازلار چېرىكچى بېگى بىر نەپەر. يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى ھەرىكەتچان سانغۇن بىر نەپەر. مىڭبېشى ئىككى نەپەر، مىڭ بېشى ئىككى نەپەر، تاشقى ئەمەلدار ئىككى نەپەر. پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنى باشقۇرىدىغان تاشقى ئىككى نەپەر. مىسچىلىــــق زاۋۇتىنى باشقۇرىدىغان ھەرىكەتچان سانغۇن ئىككى نەپەر. تاشقى ئەمەلدار ئىككى نەپەر، بايدىكى ھەرىكەتچان سانغۇن بىر نەپەر، سايرامدىكى تاشقى ئەمەلدار بىر نەپەر، مانجۇ ئەسكەرلىرى 60 نەپەر. مۇنشى بەگ بەش نەپەر، ئاقسۇ يېشىل تۇغلۇق ئاتلىق پىيادە قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر 170 نەپەر، ھەربىي زابات 17 ئورۇندا بولۇپ ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەر 120 نەپەر، مىس زاۋۇتىدىكى ئاتلىق پىيادە قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر 298 نەپەر، سايرام بايدىكى ئاتلىق پىيادە ئەسكەرلەر 51 نەپەر.

كۇچا ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بىر نەپەر، زەڭگى بىر نەپەر، بىتىكچى ئىككى نەپەر مۇئاۋىن بىتىكچى ئۈچ نەپەر، ئاشلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل زەڭگى بىر نەپەر. ھەرىكەتچان سانغۇن

ئىككى نەپەر، مىڭبېشى بىر نەپەر بازوڭ ئىككى نەپەر، تاشقى ئەمەلدار ئۈچ نەپەر، مۆنشى 10 نەپەر، قوشۇننىڭ ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكىرى 300 نەپەر. يەنە لەشكىرىي مۆنشى بەش نەپەر.

قاراشەھەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بىر نەپەر. زەڭگى بىر نەپەر. ئاشلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان زەڭگى بىر نەپەر. مۇسۇلمانلار ئىشلىرى باشقۇرىدىغان زەڭگى بىر نەپەر، بىتىكچى ئۈچ نەپەر، مۇئاۋىن بىتىكچى بەش نەپەر، شەھەرنى قوغدىغۇچى ھەربكەتچان سانغۇن بىر نەپەر، بازوڭ ئىككى نەپەر، تاشقى ئەمەلدار بەش نەپەر قاراشەھەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرىدىغان باش دۇۋان بېگى بىر نەپەر، بازوڭ ئىككى نەپەر، ھاسىلات تاشقى ئەمەلدار بەش نەپەر، ئۇششاقتال بوز يە ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرىدىغان مىڭبېشى بىر نەپەر، ھاسىلات تاشقى ئەمەلدارى بىر نەپەر، شەھەرنى مۇداپىئە قىلغۇچى ئاتلىق پىيادە ئەسكەرلەر 221 نەپەر، مانجۇ ئەسكىرى 10 نەپەر. شەھەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكىرى 172 نەپەر، ئۇششاقتال بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكىرى 130 نەپەر.

قۇمۇل ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بىر نەپەر، ياندىش ئامبال بىر نەپەر، بىر نەپەر، بىتىكچى بىر نەپەر ياندىش ئايماقبېگى بىر نەپەر، مۇئاۋىن سانغۇن بىر نەپەر، باش دۇۋانبېگى بىر نەپەر مىڭبېشى ئىككى نەپەر، بازوڭ تۆت نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى ئەسكەر 700 نەپەر.

3. لەشكەر بېشى ئامبال

مۇسۇلمانلار رايونىدا تەسىس قىلىنغان لەشكەر بېشى ئامبال

جەمئىي تۆت نەپەر بولۇپ خوتەن، يېڭىسار، تۇرپان قاتارلىق ئۈچ شەھەرگە ئورۇنلاشقان، ئۇلار مىس مۆھۈر ئىشلىتەتتى. خوتەن، يېڭىسار، لەشكەر بېشى ئامبىلى يەركەن ۋە قەشقەر لەشكەر بېشى ئامبىلىنىڭ كونترول قىلىشىدا تۇراتتى.

خوتەن لەشكەر بېشى ئامبىلى ئىككى نەپەر، مۇئاۋىن زەڭگى بىر نەپەر، بىتىكچى بىر نەپەر، مۇئاۋىن بىتىكچى بىر نەپەر، ھەربىي راباتتىكى مۇئاۋىن بىتىكچى ئۈچ نەپەر، مانجۇ ئەسكىرى تۆت نەپەر. يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ باش دېۋانبېگى بىر نەپەر مىڭبېشى بىر نەپەر، بازوڭ ئىككى نەپەر، تاشقى ئەمەلدار ئىككى نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى ئاتلىق پىيادە قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر 233 نەپەر.

يېڭىسار لەشكەر بېشى ئامبىلى بىر نەپەر، قوشۇمچە تالوننى باشقۇردۇ، بىتىكچى بىر نەپەر، مۇئاۋىن بىتىكچى تۆت نەپەر، مانجۇ قوشۇندىكى تۇرغاقبەگ بىر نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى ھەربكەتچان سانغۇن بىر نەپەر، مىڭبېشى بىر نەپەر، بازوڭ بىر نەپەر، تاشقى ئەمەلدار ئىككى نەپەر مانجۇ قوشۇندىكى ئەسەرلەر 80 نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى ئاتلىق پىيادە قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر 217 نەپەر.

تۇرپان لەشكەر بېشى ئامبىلى بىر نەپەر، يانداش ئامبال ئىككى نەپەر، ياردەمچى ئەمىر تۆت نەپەر، تۇرغاقبەگ تۆت نەپەر، چەۋەندازلار چېرىكچى بېگى تۆت نەپەر، ئاشلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھاكىم بىر نەپەر، چارلاش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇپەتتىش بىر نەپەر، پىچان چارلىغۇچى بېگى بىر نەپەر، شەھەرنى مۇداپىئە قىلغۇچى باش دېۋانبەگ بىر نەپەر،

ئورۇنباسارى بىر نەپەر، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان باش دىۋان بىر نەپەر، ئورۇنباسارى بىر نەپەر، مىڭبېشى تۈت نەپەر، بازوك تۈت نەپەر، تاشقى ئەمەلدار سەككىز نەپەر، بىتىكچى بىر نەپەر، مۇئاۋىن بىتىكچى ئالتە نەپەر، يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر، 330 نەپەر، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكىرى 700 نەپەر.

2. مەمۇرىي هوقۇق چەكلىمىسى.

چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى (1758 ـ يىلى) چىڭ هۆكۈمىتى «ئىلى بىزنىڭ تېررىتورىيىمىزگە كىرگەندىن كېيىن بىپايان زېمىننى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ باستۇرماي بولمايدۇ». هەم «ئىلىدا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە ئامبىلى قوشۇمچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئامبالنى مۇقىملاشتۇرۇش، يەنى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇشى، چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) ئىلى جياڭجۈنى رەسمىي تەسىس قىلىنىپ، چىڭ هۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ هوقۇقىنى بېكىتتى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدىكى هەر قايسى شەهەرلەردە تۇرۇشلۇق ئامباللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلگەن:

ئۇيغۇرلار ۋە ئىلىدىكىلەرگە ئوخشاش، يەركەن، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇلار جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇش، يەركەن، قەشقەر قاتارلىق شەهەرلەر چېگرالارغا يېقىن بولغانلىقتىن، ئەگەر ئىلىدىن ئەسكەر يۆتكەش توغرا كەلسە هەرقايسى جايلاردىكى مەسلىهەتچى

ئامباللار ئىلى جياڭجۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ئەسكەر يۆتكەش بەلگىلەنگەن.

بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا بولغان باشقۇرۇشى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى باشقۇرۇش بولۇپ، يەرلىك ئىشلارنى كونكرېت ھالدا ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامباللار باشقۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (1765) مۇسۇلمان يۇرت شەھەرلىرىدىكى ئامباللار بىلەن ئىلى جياڭجۈنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چىڭ ھۆكۈمىتى يارلىقىدا ئېنىق كۆرسەتكەن. يەنى: ئىلى جياڭجۈن مۇسۇلمان يۇرتىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنى ئىدارە قىلىش، ئەسكەر يۆتكەش قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا، ئىش چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم مەلۇمات يوللاپ مەسلىھەتلىشىش، خىلاپلىق قىلىپ، خاتالىق كۆرۈلسە، ۋە چامى يەتمىسە بۇ يارلىقنى ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق ئامباللارغا يەتكۈزۈش، ئامباللار ئەگەر يۆتكەش قاتارلىق چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلسە ئىلى جياڭجۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىش، ئادەتتىكى ئىشلاردا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش دېيىلگەن. ②

مەسلىھەتچى ئامباللارغا ئائىت ئىشلاردا چۈن يۈەن «ئۈچتۇرپان مەسلىھەتچى ئامباللار تۇرىدىغان جاي قىلىنىپ ئامباللار ھەر قايسى شەھەرلەرنى باشقۇرۇپ ئۇيغۇرلار يۇرتىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. گەرچە ئىلى جياڭجۈنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان يۇرتلىرىدىكى ئاپپاراتلارغا ئەمەلىيەتتە مەسلىھەتچى ئامباللار

مەسئۇل بولغان، ئىلى جياڭجۇن بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ ئىچكى رايونلاردەك بۆلۈپ ئىدارە قىلغان» دېگەن:

مەسلىھەتچى ئامبال ھەققىدە ئېنىق قىلىپ «پۇل تارقىتىش ۋە مۆھۈر تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە» دېيىلگەن. ئۇنىڭ كونكرېت مەسئۇلىيىتى ھەققىدە «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىپ «مەسلىھەتچى ئامباللار ئۇچتۇرپاندا تۇرىدۇ. ھەرقايسى ئاپپاراتلار ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئالتە چوڭ مۇسۇلمان شەھەرلىرىدىكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر مەسلىھەتچى ئامباللارغا ئوخشاش شۇ شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھەر يىلى ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئالتىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى بەگلەر بولسا قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئوردىغا قوبۇلغا كىرىدۇ. بۇلار ھەر يىلى مەسلىھەتچى ئامبال تەرىپىدىن بېكىتىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدا ئاقسۇغا يىغىلىپ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، زىياپەت تەييارلاپ قارشى ئالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە چوڭ بەگلەرنى مەسلىھەتچى ئامبال تەيىنلىگەن. باھاردا مەسلىھەتچى ئامبال غەربىدىن تاكى يەكەن، قەشقەرغىچە تەكشۈرۈپ قايتتى. بۇيراتلارنىڭ ئىشىدا كۈزدە شەرقتە تاكى قاراشەھەرغىچە تەكشۈرۈپ تورغۇتلار، خوشۇتلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ، سانىنى ئېنىقلاپ، تارتۇقلىدى ۋە جازالىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ شۇنداق قىلدى» دېيىلگەن.

بىز بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرالايمىز، پۈتۈن

شىنجاڭدىكى ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىگە كەلسەك، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى، ئۈرۈمچى تۇتۇقى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. ئەمما بۇ خىل كونترول قىلىش پەقەت ھەربىي ئىشلار جەھەتتىلا تەكىتلىنىپ قالغان ھەمدە بۇ خىل كونتروللۇق چەكلىكلا بولغان. چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەندە ئاندىن ئىلى جياڭجۈن بىلەن مەسلىھەت قىلغان، ئەكسىچە ئادەتتىكى ئىشلار بولسا مەسلىھەتچى ئامبال ئۆزى مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. ئەمما مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى باشقۇرىدىغان خادىملار كۈندىلىك ئىشلارنى مەسلىھەتچى ئامبالغا دوكلات قىلىپ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بىر قىسىم مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەتچى ئامبال ئۆزى بېكىتىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە مەسلىھەتچى ئامباللارغا مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا جىددىي ئەھۋال يۈز بەرسە ئەسكەر يۆتكەش ھوقۇقىنى بەرگەن. مەسىلەن: «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» دا «يەركەن مەسلىھەتچى ئامبىلى ھەرقانداق جىددىي ئەھۋالغا ئۇچرىسا خالىغانچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەسكەر يۆتكەش ھوقۇقىغا ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن.

قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ تۆۋەندە ئىش بېجىرگۈچى ئامبال تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ تولۇق نامى «سەككىز شەھەرنى باشقۇرغۇچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبال» بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «مەخسۇس قەشقەر ۋە يېڭىساردا ئىش بېجىرىش» ئىدى.

«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ مۇھىم

ئاپپاراتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

مۆھۈردار مەھكىمىسى: بۇنىڭ باش مەمۇرى باش مۆھۈردار بولىدۇ. ئۇنىڭ قارمىقىدا مۆھۈر زەڭگىسى، مانجۇ مۆھۈردارى، خەنزۇ مۆھۈردارى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا بىتىكچى، مۇئاۋىن بىتىكچى قاتارلىق قەلەمدارلار بار.

مۇسۇلمانلار ئىشلىرى مەھكىمىسى: ئەمەلدارى بولسا مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان زەڭگى بولۇپ ۋەزىپىسى ھەرقايسى شەھەرلەردىكى بەگلەرنىڭ ئىشلىرىنى تەڭشەش ئىدى. قول ئاستىدا بىتىكچى بار. چارۋىچىلىقنى باشقۇرىدىغان ئورگان: چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ فۇنكسىيىسى بولسا «مەخسۇس ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىش بېجىرىش ئورگانلاردىن مانجۇ بۆلۈمى، خەنزۇچە بۆلۈمى دەپ ئايرىلاتتى. قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن بىتىكچى ۋە مۇئاۋىن بىتىكچىلار بار ئىدى.

غەللە ـ پاراق مەھكىمىسى:

باش ئەمەلدارى بولسا زەڭگى بولۇپ، قول ئاستىدا بىتىكچى، مىڭبېشى مۇئاۋىن بىتىكچى، مىڭبېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئىش بېجىرىش ئورگانلىرىدىن بولسا، مانجۇ بۆلۈمى، خەنزۇ بۆلۈمى بار ئىدى. ئىسكىلات، دورا ئىسكىلاتى، ئاشلىق ساڭلار كۆپ جايلار تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى بولسا: «پۇل ئاشلىق تارقىتىش يىغىش، باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراق يىغىش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ئىدى.

پۇل ـ پىچەك باشقارمىسى بىلەن ھەربىي رابات باشقارمىسىنىڭ، ھەرقايسىسىغا بىردىن مۇئاۋىن بېتىكچى قويۇلغان.

قوشۇن تۈرغۇزۇش جەھەتتە، مانجۇ قوشۇنى ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن تۈرغۇزۇلاتتى. مانجۇ قوشۇندا ياندىش ئامبال، ياردەمچى ئەمىر مۇداپىئەچىلەردىن ھەرقايسى بىر نەپەر، چەۋەندازلار چېرىكچى بېگى ئۈچ نەپەر بولۇپ، مانجۇ تۈرۈشلۇق لەشكەر سانى 400 ئىدى، يېشىل تۇغلۇق قوشۇندا مۇئاۋىن سانغۇن بىر نەپەر، مىڭبېشى بىر نەپەر، لەشكەر بېشى ئۈچ نەپەر، چاپارمەن بۇقال ئىككى نەپەر قويۇلغان مۇھاپىزەتچى، يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ لەشكىرى بار ئىدى.

خۇڭلياڭ جى «تەڭرىتاغ ھەققىدە» ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە فۇنكسىيىسى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان.

ئۇنىڭدا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتى (جەنۇبىي شىنجاڭ) مەسلىھەتچى ئامبالغا قاراشلىق يامۇللارنىڭ ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ فۇنكسىيىسىنى چۈشىنىشتە پايدىسى بار. سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، مەسلىھەتچى ئامبال قارمىقىدىكى مەسلىھەتچى ئامبال ئەمەلدارلار ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، بىر ۋاقىتتا يەنە جازا سوت جەھەتتىكى ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. ئاشلىق غەللە ـ پاراق مەھكىمىسى تۇتۇن جەھەتتىكى ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى چارۋىچىلىق مەھكىمىسى قوشۇمچە قول سانائەت جەھەتتىكى ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. لەشكەر جەھەتتىكى

ئىشلارنى بولسا مۇناسىۋەتلىك ئورگان ئاپپاراتلار مەسئۇل ئىدى. يۇقىرىقى بۆلەككە قاراسۇن.

شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبال، ئاغلاقچى ئامباللار فۇنكسىيىسى بولسا كونكرېتنى ھالدا ئۆز تەۋەلىك رايوننىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئادەتتىكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلاتتى. مۇھىم چوڭ ئىشلارنى مەسلىھەت ئامبالغا دوكلات قىلاتتى. جيا چىڭ 6 ـ يىلى (1189 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى يانداش ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ئاغلاقچى ئامباللارغا بىر قەدەر چوڭراق ھوقۇقلارنى بەرگەن.

ئەزەلدىن شىنجاڭ باش ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا دۇچ كەلسە، يانداش ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال قاتارلىق بىرلىكتە مەكتۇپ يېزىپ، يۇقىرىغا يوللايدۇ. ئەگەر يانداش ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال مەكتۇپ يوللاشقا تېگىشلىك ئىشقا يولۇقسا، چوقۇم مەكتۇپلەرنى مەخسۇس ھالدا مەخپىي ئەۋەتىش لازىم.

ھەرقايسى يەرلەردىكى ئامبال يامۇل مەھكىمىسىدە، ئاشلىق غەللە ـ پاراق باشقۇرۇش، مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئاپپاراتلار بار بولۇپ، فۇنكسىيىسى مەسلىھەتچى ئامبال يامۇلى ئوخشاش قارمىقىدىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. قاراشەھەر ئاھالىسىدە ئۇيغۇر مىللىتىدىن سىرت، يەنە شەرققە قايتقان تورغۇت قەبىلىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا، خەلق ئىشلىرى ئاپپارات باشلىقى «ياتلار ۋە مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇش زەڭگىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مەسلىھەتچى ئامبالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر ئامبال يامۇل فۇنكسىيىسى ۋە ھوقۇق چەكلىمىسى، ئاساسلىق تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش

مەسلىھەتچى ئامبالغا پۈتۈن شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن ۋە كونكرېتنى ھالدا بىۋاستە قاراشلىق قوشۇنلار يەنى قەشقەر، يېڭىسار ھەرقايسى شەھەرلەر تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ قوشۇن تۇرغۇزۇلۇشى، مەشىقى، ئاشلىق غەللە ـ پاراقلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئەمەلدارلارنى سىناش ۋە جازا مۇكاپات ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. يەنە تالۇنلارنىڭ قاراۋۇللارنىڭ ئەھۋاللىرىنى سەييارە تەكشۈرۈش، ھەرقايسى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئات، كالا، قوي فېرمىلىرىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى بار ئىدى. «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 7 ـ جىلدىدا «ئىش بېجىرىش نىزامنامە» ئېنىق ھالدا مەسلىھەتچى ئامبال ھەمدە قارمىقىدىكى يامۇللارنىڭ بۇ يىللىق كۈندىلىك ئىشلىرى تەپسىلىي بېرىلگەن. مەسىلەن بەلگىلىنىشچە: «مەسلىھەتچى ئامبال مەنسەپكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قاراۋۇلخانىنى ھەر 13 جايىنى بەش قېتىم تەكشۈرۈش، ھەرقايسى مۇسۇلمانلار شەھىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش»، «مەسلىھەتچى ئامبال يانداش ئىش بېجىرگۈچى ئامبال مەنسەپكە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قەشقەر، يېڭىساردىكى ئامبار، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتى، ئات، كالا، قوي

فېرمىلىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش» «ھەر يىلى 9 ـ ئايلاردا، مەسلىھەتچى ئامبال مانجۇ، خەنزۇ لەشكەرلەرنىڭ ماھارىتىنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزەتتى» دەپ بەلگىلەنگەن. ھەرقايسى شەھەر ئامباللار ھوقۇق دائىرىسى شۇ تۇرۇشلۇق ھەرقايسى شەھەر ھەربىي ئىشلار، يەرلىك تۇرۇشلۇق قوشۇنىنى باشقۇرۇش، قاراۋۇلخانا ئۆتەڭلەرنى تەكشۈرۈش، ئەسكەرلەر بوز يەر ئېچىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. مەمۇرىي ئىشلار

ئەڭ مۇھىم مەمۇرىي خىزمەت ھەر دەرىجىلىك بەگلەرى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش، تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش ئىدى. بۇنىڭدا مەسلىھەتچى ئامبال بىۋاسىتە خانلىققا مەسئۇل، ئىلى گېنېرالى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ھاجەتسىز، جيا چىڭ 19 ـ يىلى (1814 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى: «جەنۇبىي يول يەرلىكلەر قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبال باشقۇرىدۇ، ھەرقايسى شەھەرلەردە بەگلەر كەم بولسا، ئۇشبۇ مەسلىھەتچى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم تەكشۈرۈپ ئىشقا قويىدۇ. ئەزەلدىن ئىلى گېنېرالى بىلەن كۆرۈشمىسىمۇ بولىدۇ. «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» نىڭ 2 ـ جىلدىكى بەلگىلىمىدىن قارىغاندا، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ بەگلەر تاللاشتا پرىنسىپى ئومۇمەن ئۈچ دەرىجىدىن بەش دەرىجىگىچە بەگلەر كەم بولسا، مەسلىھەتچى ئامبال تىزىملىك تەييارلاپ، تولۇقلاشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئاتالمىش تىزىملىك تەييارلاش، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىغا يوللىغان كاندىدات ئەزانى رەتكە تىزىپ، مەركەزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بېكىتىشكە سۇنۇش، ئالتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر ۋە

ئالتىنچى دەرىجىلىك بەگلەردىن تۆۋەنلىرى كەملىسە، ھەرقايسى شەھەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ياكى لەشكەر يېتەكلىگۈچى ئامبال يېتىشىپ مۇقىملاشتۇرۇپ، مەسلىھەتچى ئامبالغا سۇنىدۇ. ھەر يىلى باھار كۈز پەسىللىرىدە ھەرقايسى شەھەر بەگلەر ئۆستۈرۈش چۈشۈرۈش يۆتكەش سانلىرىنى يىغىنچاقلاپ بىرلەشتۈرۈپ ۋاسساللار مەھكىمىسىگە ئەۋەتىدۇ. بەگلەرنىڭ پايتەختكە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈنۈش ئىشلىرىنى، مەسلىھەتچى ئامبال ۋە ھەرقايسى شەھەر ئامباللىرى كونكرېت ھالدا بېجىرىدۇ. بۇ تەرەپتىكى مەسىلىلەر بەگلەر قانۇنىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە ئارتۇق گەپنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىككىنچى ئىچكىرى ئۆلكە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا سودا - پائالىيىتىنى باشقۇرۇش، بۇ خىزمەتنى ئاساسلىقى شەھەر مۇھاپىزەت قوشۇنى ئۈستىگە ئالغان. «مەسىلەن: مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سودىگەرلەر ئىسپات ئېلىپ چېگرىدىن چىقىدۇ. شەھەر مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى تەكشۈرۈپ ئۇلارنىڭ گۇۋاھنامىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىسپات بېرىدۇ. ماڭىدىغان چاغدا بولسا، شەھەر مۇھاپىزەتچى قوشۇنى تەكشۈرۈپ قويۇپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى شەھەرلەردىن بۇ يەرگە كېلىپ سودا قىلغۇچى بولسا، ئىسپاتنامە بويىچە تەكشۈرۈلىدۇ، ئىچىدە يول ئىسپاتى بوغانلىرى، شەھەر مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللايدۇ. يازما ماتېرىياللار خاتىرىلىنىشىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەھەر مۇھاپىزەتچى قوشۇنى باشقۇرىدىغان ئىشلار يەنە خېلى جىق ئىدى:

شەھەر باشقۇرۇش، يامۇل، ئەمەلدارلار ئۆيلىرى، كوچا، تۇرمە قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش، ئۆي ئىجارىسى يىغىش، ئىچكىرى ئۆلكە سودىگەرلىرىنى چەكلەش، شاڭيۇلارنى تەيىنلەش، ئوتۇن، كۆمۈر توشۇش، زىياپەت ئۆتكۈزۈش، نەزىر - چىراغ قىلىش، ئۇ ياشلىق، باغ تېرىپ بەرپا قىلىش، ئېتىزلارنى ئۆلچەش، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شەھەر مۇھاپىزەتچى قوشۇنى مەسئۇل ئىدى. شەھەر سىرتىغا 150 ئېغىزلىق پۇكەي دۇكان سېلىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكە سودىگەرلىرىگە ئىجارىگە بېرىلەتتى. بۇنىمۇ شەھەر مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى باشقۇراتتى.

ئاز سانلىق مىللەت سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە ياكى چېگرا سىرتىدا قىلغان سودا - پائالىيىتىنى ھەمدە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭدا قىلغان سودا پائالىيىتىنى باشقۇراتتى، ئۇلارنىڭ يول خېتىنى يول خېتى بېجىرىش ئورنى بېجىرىپ بېرەتتى:

باج - سېلىقنى باشقۇرۇش

ئاساسلىقى ئاشلىق پۇل نەق بېجى، ھۆكۈمەت يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغانلار، باغلار ھەممە ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئالغان پۇل پاچلىرى، چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ چارۋىچى رەخت، كان مەھسۇلاتلىرى بېجى، چېگرا سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىپ سودا قالغان سودا بېجى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مەسىلەن: «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي

تەزكىرىسى» 9 ـ جىلدىدا ئۆچتۈرپان ئىش بىجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ بىجىرىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن جاينىڭ زىرائەت ئۆسۈش ئەھۋالىنى تۆت ئاي ئىچىدە مەكتۇپ قىلىپ يوللاش» ۋە «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن خەنزۇ، مانجۇ لەشكەرلەر سانىنى. . . . . پەسىللەر بويىچە ئىلى جياڭجۈنگە، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامباغا يوللاش» دەپ خاتىرىلەنگەن.

3. ئامانلىق ساقلاش ۋە ئەدلىيە فۇنكسىيىسى.

ئالدى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىدىن شىنجاڭغا كەلگەن سودىگەرلەر دېلوسىنىڭ بىجىرىلىشى. «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 7 ـ جىلدىدا ئېيتىلىشىچە: سودىگەرلەرنىڭ دېلوسىنى مۆھۈر مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلۇپ يارلىق ئەزالار بىلەن بىرلىكتە قاراپ چىقىلىپ، سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇش» دېيىلگەن.

ئىككىنچىدىن ئىچكىرى ئۆلكىدىن شىنجاڭغا پالانغان جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدا: «مەڭگۈ تاقاق سېلىنىدىغان ئىچكىرى ئۆلكە جىنايەتچىلىرىگە كۈندە بىر كۈرە گۈرۈچ بېرىش، كۈنىگە بىر جىڭ ئاق ئاش بېرىلىپ، كېيىنچە تۆلەش.

ئىچكىرى ئۆلكىدىن شىنجاڭغا قۇل قىلىپ پالانغان جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇشتا، شىنجاڭدىكى بەگلەرگە قۇل بولغۇچى جىنايەتچىلەر ۋە لەشكەر باشلىقلارغا قۇل بولغۇچى جىنايەتچىلەر ئىككى خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى بەگلەر ۋە لەشكەر باشلىق ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ

تەقسىم قىلىدۇ. ئەگەر ۋەقە يۈز بەرسە، چوقۇم دەل ۋاقتىدا جازا ۋازارىتىغا مەلۇم قىلىش، ۋاسساللار مەھكىمىسى، ئىلى گېنېرالىغا، شەنشى ـ گەنسۇ باش ۋالىيسىغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

يەرلىك مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا دائىر دېلولارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىش. مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) ئىچىدە ئاقساقالنى ئۆلتۈرگۈچى بولسا، ئىچكىرى ئۆلكە قانۇنلىرى بويىچە بېجىرىش، جىنايىتى بېكىتىلسە مەكتۇپ قىلىپ يوللاش، ئەگەر ئادەم ئۆلتۈرگەن ياكى باشقىلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگۈچى بولسا، بازاردا سازايى قىلىش: ئوقۇتماي زەخىملەندۈرگەن ياكى پۇت قولى يارلانغان بولسا، مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) قانۇنى بويىچە بېجىرىش يەنى تۆلەپ تۆلەتتى. پۇل، مال ـ چارۋىلارنى ئۆلگۈچىگە بېرىپ، گۇناھىدىن ئۆتۈش، بىر يىلدا بېجىرگەن دېلولارنى رەتلەپ قارادىۋان بىلەن ۋاسساللار مەھكىمىسىگە سۇنۇش لازىم.

مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) ئادەتتىكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا:

قەشقەر، يېڭىساردىكى چوڭ كىچىك بەگلەرنىڭ چاكىرلىرى قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلاردىن سىرتلاردا قۇللار خۇسۇسىي ئېلىپ ساتقانلار بولسا، يىل ئاخىرىدا ئەدلىيە ۋازارىتىدە تەكشۈرۈلىدۇ.

بۇ بۆلەك فۇنكسىيىنى مۇشۇ كىتابنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى دېگەن بابتىن مەزمۇننى تەپسىلىي كۆرگىلى بولىدۇ.

3. قانۇنى ئىمتىياز:

مۇسۇلمانلارنىڭ چېگرا رايوندىكى مەسلىھەتچى ئامبال ۋە ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىرى، لەشكەر بېشى ئامبال قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسى، ھۆججەت ماتېرىياللاردا ئېنىق بولمىغان ھالدا خاتىرىلەنگەن، «چىڭ سۇلالىسى تارىخى ماتېرىياللىرى» دا، مەسلىھەتچى، ئىش بېجىرگۈچى، لەشكەر بېشى ئامبال قاتارلىق ئامباللار «ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى دەرىجىسى بويىچە قويۇلغان» (چىڭ سۇلالىسى تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان) دېيىلىشىچە، چيەنلۇڭ يىللىرىدا، ھەرقايسى شەھەر مەسلىھەتچى، ئىش بېجىرگۈچى، لەشكەر بېشى ئامبال قاتارلىقلار ئاددىي كىشىلەرنى ئازات قىلىش ياكى باش قىلىپ سايلاش، ئورۇنباسار ئەمەلدارلارنى ۋە زىپىگە قويۇش، ئۆلجىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئەدلىيىدە نەزەر دائىرىسىگە نىسبەتەن تەڭ تۇتۇش، ئومۇمىي ئىشلارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش. شۇنىڭدىن قارىغاندا مۇسۇلمان رايونىدىكى ئامباللارنىڭ دەرىجىسى نىسبەتەن يۇقىرى، ئادەتتە ئورۇنباسار «دوتۇڭ» رنى تەيىنلەش، ئورۇنباسار دوتۇڭلارنىڭ دەرىجىسى 2 ـ دەرىجە، ئەمما ئىچكى رايونلاردا بولسا باش تۇتۇقنىڭ دەرىجىسى بولسا ئاران 2 ـ دەرىجىدە بىر ئۆلكىنىڭ باشلىقىنىڭ دەرىجىسى 2 ـ دەرىجىدىن باشلىنىدۇ. مۇسۇلمان رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي مىساللاردىن قارىغاندا، «چىڭ شۈەنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 122 ـ جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، داۋ گۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى (1827 ـ يىلى) ۋۇ لۇڭئانى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئورۇنباسار دوتۇڭ قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ بولسا ئورۇنباسار دوتۇڭنىڭ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تۆۋىنىدە

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ جىلدتا يەنە ئورۇنباسار دوتۇڭنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبالنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغانلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن. لەشكەر بېشى ئامبال ۋە يانداش ئىش بېجىرگۈچى ئامبالنىڭ تۆۋىنىدە: مەسىلەن يېڭىدىن قويۇلغان يەركەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، ئورۇنباسار دوتۇڭ خېڭ جىڭ، تورپان لەشكەر بېشى ئامبىلى، ئورۇنباسار دۇتۇڭى مەنسىپىدىكى گېڭ يىندۇي، ئورۇنباسار دوتۇڭ يېڭىدىن قويۇلغان ئاقسۇنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى رۇڭ ئەن: يەنە ئۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ دەرىجىلىك ۋەزىپىسى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلەردىن، يېڭىدىن قويۇلغان قەشقەرنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، چېڭ رۇي 2 ـ دەرىجىلىك ئەمەلدار دىڭ دەي ⑤ھۆججەتلەردە يەنە باش ياساۋۇل، 2 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇل قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ مۇسۇلمان رايونلىرىدىكى ئەمەلدارلارغا بېرىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: «چىڭ رىنزوڭغا دائىر خاتىرىلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، جىيا چىڭنىڭ 24 ـ يىلى (1819 ـ يىلى)، باش ئەدلىيە دىۋانىنىڭ يانداش ئەدلىيە ۋەزىرى مىڭشۇغا 2 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇل مەنسىپى بېرىلىپ، قۇمۇلنىڭ يانداش ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بولدى. 3 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇل «يى جيەنشى» 2 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇل بولۇپ ئاقسۇنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بولدى، ئاق تۇغلۇق موڭغۇل قوشۇنىنىڭ سەردارى «فو جۇلۇڭ ئاتۇ» قاتارلىقلار قۇمۇلنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بولدى. جىيا چىڭنىڭ 25 ـ يىلى (1820 ـ يىلى)، 2 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇل جاڭ چۇڭ يەركەننىڭ ياردەمچى ئىش

بېجىرگۈچى ئامبىلى بولدى. باش ياساۋۇل «تۇڭ دى» يېڭىسارنىڭ لەشكەر بېشى ئامبىلى بولدى. باش ياساۋۇل رەسمىي هالدا 3 ـ دەرىجىلىك هەربىي ئەمەلدار، 2 ـ دەرىجىلىك ياساۋۇل 4 ـ دەرىجىلىك هەربىي ئەمەلدار بولدى. ئىچكى رايونلاردىكى بىر ئۆلكىنىڭ ئەدلىيىنى باشقۇرىدىغان ئەنچاشىنىڭ دەرىجىسى 3 ـ دەرىجە داۋ يۇن بولسا 4 ـ دەرىجە بولۇپ بېكىتىلدى.

چىڭ دەۋرلىرىدە ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان تەمىنات نىسبەتەن تۆۋەن بولغاچقا، چىڭ هۆكۈمىتى تەمىنات تارقىتىشقا دەرىجىگە ئاساسەن ئەمەلدارلاغا 2 سەردىن كۈمۈش قوشۇپ بېرىپ بۇنى پىنسىيە راسخوتى دەپ ئاتىدى. پىنسىيە راسخوتىنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت ئىككى بولۇپ پارىخورلۇققا قارشى تەرەپ ئەمەلدارلارنىڭ پاكلىقىنى قوغداش، پىنسىيە راسخوتىنى تارقىتىش پەقەت چەت رايونلاردىكى ئەمەلدارلار ۋە سەككىز تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئايرىلغان مەمۇرىلارنىڭ مۇرەككەپ ئاددىيلىقى، بەلگىلەنگەن ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى قاراپ يەتكۈزگەن پايدىسى ئوخشىمايدۇ، كېيىن بۇ ئىش مۇقىم بولۇپ تەمىنات تارقىتىشتىكى پەرق يوقالغان (ئىچكى جايلارغا قارىغاندا)، مۇسۇلمان رايونلىرىدىكى ئەمەلدارلار ئومۇمىيۈزلۈك پىنسىيە راسخوتى پۇلدىن بەهرىمەن بولغان. «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەپسىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مۇسۇلمان يۇرتلىرىدىكى ئاساسلىق ئەمەلدالارنىڭ پىنسىيە راسخوتىنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك: قەشقەر مەسلىهەتچى ئامبىلى، 1500 سەر، ياردەمچى ئامبال 700

سەر، يېڭسارنىڭ لەشكەر بېشى ئامبىلى 600 سەر، يەركەننىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى 1100 سەر، يانداش ئامبىلى 700 سەر، خوتەننىڭ لەشكەر بېشى ئامبىلى 600 سەر، ئۇچتۇرپاننىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى 700 سەر، ئاقسۇنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى ئالغان پېنسىيە راسخوتى 400 سەر پايتەخت شەھىرىنىڭ پېنسىيە راسخوتى 400 سەر كۇچا ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ 600 سەر، قارا شەھەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ 600 سەر، تۇز، سەي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان زەڭگىلەرنىڭ 15 سەر، يېمەك ـ ئىچمەك ئىدارىسىنىڭ زەڭگىسى ئالتە سەر، بىتىكچى سەككىز سەر مۇئاۋىن بىتىكچى ئۈچ سەر، شىنجاڭ رايونى چېگرىغا جايلاشقان بولغاچقا، مال باھاسى ئىچكىرىنىڭكىدىن نىسبەتەن قىممەت، شۇڭلاشقا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىدىكى ئەمەلدارلارغا بېرىدىغان پېنسىيە راسخوتى ئىچكى رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرىراق ئىدى. «ئۈچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە بايان» دا ئوتتۇرىغا قويۇلىشىچە، ئەمەلدارلارغا تەمىنات بېرىلىدۇ. تەمىناتتىن سىرت يەنە پېنسىيە خىراجىتى بېرىلىدۇ. ئۇ تەمىنات دەرىجىگە قاراپ بېرىلىدۇ. ئىچكىرىدىن كەلگەن خادىملارغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلىدۇ. چېگرا رايونلاردا ئاۋامنى باشقۇرۇۋاتقان ئەمەلدارلارغا پېنسىيە خىراجىتى بېرىش زۆرۈر بولۇپ ئۇلارغا چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلھام بېرىدۇ. پېنسىيە خىراجىتى بېرىلمەيدۇ.

ئەمەلدارلارنىڭ پېنسىيە خىراجىتى بولسا كۈمۈش بويىچە تارقىتىلىدۇ. مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ چىڭ سۇلالىسىمۇ پېنسىيە خىراجىتىنى ئاشۇردى. مۇشۇ ئارقىلىق

پىنسىيە خىراجىتىنىڭ مەقسىتىگە يەتتى. داۋ گۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى)، مەركىزى ھۆكۈمەتكە مۇسۇلمانلار رايوندىكى ئەمەلدارلارنىڭ پىنسىيە خىراجىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ تەلتىماسىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى، ئۆستۈرۈلگەن تەمىناتى تۆۋەندىكىچە:

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللار، مەمۇرىي خادىملار ۋە بەتتكچىلەرنىڭ ئەسلىدە بەلگىلەنگەن تەمىنات خىراجىتى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشمىگەنلىكتىن، تەمىنات مائاشىنى كۆپەيتىپ بېرىش ھەققىدە كېڭەش بولدى. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 3000 سەر كۈمۈش، بۇنىڭغا يەنە 1000 سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلدى، ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 1000 سەر كۈمۈش بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلدى، ئىلى ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 700 سەر كۈمۈش بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە 200 سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلدى، قۇمۇل ھەمدەمچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 400 سەر كۈمۈش بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە 200 سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلدى. قەشقەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 1500 سەر كۈمۈش بولۇپ، يەنە 500 سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلدى، قەشقەر ھەمدەمچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 700 سەر كۈمۈش بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە 200 سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىلدى، ئۇچتۇرپان ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 700 سەر كۈمۈش بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە 200

سەر كۆمۈش قوشۇپ بېرىلدى. ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 400 سەر كۆمۈش بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە 600 سەر كۆمۈش قوشۇپ بېرىلدى، كۇچار ۋە قاراشەھەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، خوتەن، يېڭىسار ئاغلاقچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى تەمىنات خىراجىتى 600 سەر كۆمۈش بولۇپ، ھەر بىرىگە يەنە 200 سەر كۆمۈش قوشۇپ بېرىلدى. زەڭگى، بىتىكچى قاتارلىقلارنىڭ ئاش ـ تۇز چىقىمى مۇۋاپىق كۆپەيتىلىپ، زادى قانچىلىك مىقداردا كۆپەيتىلىش ھەققىدە نايەنچىڭ ھەزرەتلىرى قايتىدىن تەپسىلىي مەلۇمات يوللىسۇن.

زەڭگى، بىتىكچى قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەلدارلارغا پېنسىيە خىراجىتى قوشۇش مەسىلىسى ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. نا يەنچىڭ مەلۇماتىدا مۇنداق دېگەن:

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى زەڭگىلەرنىڭ ئەسلىدىكى تۇز، سەي خىراجىتى ھەر ئايدا 15 سەر، بىتىكچىنىڭ ئەسلىدىكى تۇز، سەي خىراجىتى ھەر ئايدا سەككىز سەر، مۇئاۋىن بىتىكچىنىڭ ئەسلىدىكى تۇز، سەي خىراجىتى ئۈچ سەر، مۇسۇلمانلار رايونىدا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر قىممەت، شۇڭا زەڭگىگە ھەر ئايدا 10 سەر قوشۇپ بېرىلسە.

بىتىكچىغا ھەر ئايدا ئالتە سەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. مۇئاۋىن بىتىكچىغا ھەر ئايدا ئىككى سەر قوشۇپ بېرىلسە.

4. ئەمەلدارلارنى مەنسەپكە تاللاش ۋە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى

'ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى يۇرت ئامباللىرى

توغرىسىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى ۋەزىپىگە تاللاش پرىنسىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى بەلگىلىدى.

1. ھەرقايسى يۇرت ئامباللىرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چېگرا رايوندىكى بىۋاسىتە قاراشلىق ئامباللارنى تاللاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى ۋە مۇھىم خىزمەتلەرگە مىللەت چەكلىمىسى بەلگىلىدى. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دا: كاڭشى، يۇڭجېڭ پادىشاھ دەۋرىدە⑧③ «غەربىي شىمالدىكى تۇتۇق ۋالىيلارنى تەيىنلەشتە مانجۇلار يېتىشمەيتتى.» لەشكەر بېشى ۋە خان ئامبىلى مەخسۇس مانجۇلاردىن تەيىنلىنەتتى. ئەمەلدارلار ئىچىدە مانجۇ ئەمەلدارلار كۆپ ئىدى، دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760) 4 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىغا قارىتا كۆرسەتمە بېرىپ: ئىلى ۋە مۇسۇلمانلار يۇرتىنى، بارىكۆل، قۇمۇل، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ يەرلەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش كېرەك، مانجۇ ئەمەلدارلارنى مۇداپىئەدە تۇرغۇزۇش كېرەك دېدى. كېيىن چىڭ ئوردىسى تەكىتلەپ: «يېڭىدىن ئېچىلغان چېگرا جاي، يەنى ئېلى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئىنتايىن يىراق، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرماق تەس، كەلگۈسىدە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزساق، مانجۇ جياڭجۈنلىرى ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ ئىشقا مەسئۇل بولىدۇ» دېگەن.

مۇشۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار رايوندىكى ھەرقايسى يۇرت ئامباللىرى ئىچىدە ئايرىم ۋەزىپىلەرنى موڭغۇل

ئەمەلدارلار ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ قىسمىنى مانجۇ ئەمەلدارلار ئىگىلىگەن بولۇپ، خەنزۇلارغا بۇنداق ئىمتىياز يوق ئىدى.

«مەرىپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 74 - جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، «چيەنلۇڭ دەۋرىدە، ھەرقايسى شەھەردىكى مەسلىھەتچى، خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامباللىقىقا قويۇلىدىغانلار يۇزلۇكلەرنىڭ كۆرستىپ بەرگەن كىشىلىرىدىن تاللىنىپ، ئورۇنباسار تۇتۇق مەنۋى قوشۇمچە تۇتقۇزۇلدى ياكى خىزمەتتە ئۇتۇق قازانغان مۇپەتتىشلەر بۇ خىزمەتكە قويۇلۇپ ئىشلارنى ئادىل بىر ياقلىق قىلدى» (83)»[①] «مەرىپەتلىك قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپى» 76 - جىلد «يەر - ئاشلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش»

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەرقايسى يۇرت ئامباللىرىنى تاللاشقا بىر قەدەر ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئامبال ئەمەلدارلارنىڭ ساپاسى ۋە ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى. پەقەتلا كېيىن ئادەم ئىشلىتىش ئاستا - ئاستا بۇنىڭغا ماس كەلمىگەن.

«چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە غەرب - شىمال ئىككى

① «مەرىپەتلىك قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپى» 76 - جىلد «يەر - ئاشلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش»

② «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىسى» 610 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 4 - ئاي

③ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىسى» 612 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 5 - ئاي

④ چى چىڭ شۇن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ئامباللىرىنى ئالماشتۇرۇپ تەيىنلەش تۈزۈمى» («غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى») 1991 - يىل 1 - سان.

يولدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خان سانغۇنلىرى، ئامبال ئۈچ يىلدا بىر يېڭىلىنىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار رايوندىكى ھەرقايسى يۇرت ئامباللىرىمۇ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بار بولۇپ ئادەتتە ئۈچ يىل بولغان. چى چىڭشۈەن ئەپەندىنىڭ ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار رايوندىكى مەسلىھەتچى باش ۋەزىرلىك ئەمەلىي، چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) تۇزۇلگەن بولۇپ، تۇڭ جىنىڭ 3 ـ يىلى (1864) غىچە بولغان 104 يىل ئىچىدە 24 ئادەم بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، بىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن.[1]

2. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ قارمىقىدىكى ئەمەلدارلار

ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ قارمىقىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىگە تاللىنىشىمۇ مىللەت چەكلىمى بار بولۇپ، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى زەڭگى قاتارلىق مۇھىم ئەمەلدارلار مانجۇلاردىن بولسا، بىر چيەنلۇڭنىڭ 47 ـ يىلى (1728) ئۇچتۇرپان ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى، ھۇنەر كەسىپ مەھكىمى تەمىران پىرقىسى، دىۋانبېگى چۇكتونىڭ مەكتۇپىدىن كۆرۈۋالايمىز. «كۇچا، قاراشەھەر ئىككى شەھەرگە پاششاپ بەگدىن بىردىن تۇرغۇزۇش، غەللە ـ پاراق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغانلار خەنزۇلاردىن ئەمەس بەلكى مانجۇلاردىن بولۇش كېرەك. ئۇچتۇرپان، يەكەن، قەشقەر ئۈچ شەھەردە تۇرۇشلۇق مانجۇلار ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەر يامۇللىرىدىكى زەڭگىلەرنى ئۈچ

[1] «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 114 ـ جىلد، «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»

خىل يول بىلەن تاللاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. (1) 6 ـ دەرىجىلىك تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن تاللىنىدۇ. (2) مەركەزدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئەمەلدارلار ئەچىدىن تاللاپ مۇشۇ بىر ئەمەلنى بېرىپ ئەۋەتىدۇ. ئاتالمىش «تاشلىۋېتىلگەن ئەمەلدار» يەنە «ئەۋەتكەن ئەمەلدار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئەمەلدارلار، «مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى يامۇللاردىكى زەڭگىلەر كېيىن يەنە مۇشۇ جايدىكى بېتىكچىلەر ئىچىدىن ئۆستۈرۈلۈپ بېتىكچىدىن زەڭگى ئەمىلىگە ئېرىشىدۇ». ئوخشاش بولمىغان كېلىش مەنبەسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنى مىسالغا ئالساق، مۆھۈردار، مۇسۇلمانلار ئىش چارۋىچىلىقنى باشقۇرىدىغان زەڭگى ئەسلىدە 6 ـ دەرىجىلىك تەپتىش ئەمەلدارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ ئۈچ يىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئورۇندىكى بېتىكچىلەرنىڭ ئىچىدىن مۇشۇ ۋەزىپىگە ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىپ زەڭگى ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە يەتتە يىلدا ۋەزىپە مۇددىتى توشىدۇ». غەللە ـ پاراق ئىدارىسىگە مەسئۇل زەڭگى «ئەسلىدە ئوردا تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان ئەمەلدارلار ئىچىدە تاللاپ مۇشۇ ۋەزىپىگە قويۇلغان بولۇپ ۋەزىپە مۇددىتى ئۈچ يىل، مۇشۇ ئورۇندىكى بېتىكچىنىڭ نازارىتى بىلەن يەتتە يىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئاندىن پايتەختكە قايتىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پايتەخت تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «شىنجاڭدىكى

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئىش بېجىرىدىغان مۇھۇردار، زەڭگى قاتارلىق ئەمەلدارلار پايتەختتىن چىگرا رايونلارغا ئەۋەتىلگەندە چوقۇم ئەقىللىق، دانالارنى ئەۋەتىش كېرەك. بىراق ھەرقايسى يامۇللاردىن ئەۋەتىلگەنلەر كۆپىنچە ناباپ كىشىلەر بولغانلىقتىن ئىشلار ئاقساپ قالاتتى» داۋ گۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى (1827 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسلى پىلاندىكى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ زەڭگى مەنسىپىگە تەيىنلىنىدىغان ئالتە ئادەمنىڭ ئىچىدىن بەش ئادەمنى قالدۇردى. ھەمدە: «شىنجاڭدا ئەمەلدارلار كەم بولۇپ قالسا ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئەمەلدار ئىچىدىن قولدىن ئىش كېلىدىغان، ئىش بېجىرىش ساپاسى يۇقىرىراق بولوغانلىرىنى ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇش، ئەگەر ۋەزىپىنى راستىنلا ياخشى ئىشلەپ كۆچ چىقارغان بىلسا ۋاقتى توشۇپ ئالماشتۇرىدىغان ۋاقىتتا مۇشۇ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئامبال پايتەختكە مەكتۇپ يوللىشى كېرەك. پايتەختتى مەزكۇر ئەمەلدارغا ئىلھام بېرىدۇ. ئەگەر ۋەزىپىنى ياخشى ئىشلىيەلمىسە خالىغان ۋاقىتتا جازالاش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىكى زەڭگىلەرنى پايتەختكە ئەۋەتىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. بۇ بەلگىلىمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئاساسلىقى بولسا زەڭگىنى يەرلىك ئەمەلدارلار ئىچىدىن تاللاش باشلاندى.

چادىكلى (مۇسۇلمانلار رايونىدىكى زەڭگى) ئومۇمەن پايتەخت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدار بولۇپ، يەرلىك ئەمەلدار بىلەن پىششىق تونۇشمايدۇ. مانجۇ، خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى

ئوقىيالمىغاچقا، ئومۇم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللار مەھكىمىسىدە ئىشلەۋاتقان بېتىكچىلەر ئىچىدىن مۇشۇنداق ئىشلارغا پىششىق ئەمەلدارلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش كەم قالغان ۋەزىپىلەرنى تولۇقلاش لازىم» دېگەن بىراق بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئەكسىچە ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەت بولسا: نائىپ خادىملار يەڭ ئىچىدە دوست تارتىشىپ، يۇقىرىنى ئالدايتتى، يەنە كېلىپ بۇ بىر تۇرلۇك ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھەتتا مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارنىڭ ۋە بېتىكچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇمچى، گۇچۇڭ باركۆل قاتارلىق جايلاردىن ئىشلىتىلدى. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى پەرق تۇپەيلىدىن زەڭگى ئىشلىتىش ۋاقتى 10 نەچچە يىلدىن كۆپرەك بولۇپ ئەھۋاللارغا پىششىق، ئۇزۇن ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزگەن مۇقىم بولۇپ، شەخسىيەتچى، پارىخورلۇق قاتارلىقلاردىن خالىي بولۇپ ناھايىتى مۇۋاپىق داۋ گۇاڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى) بۇيان مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندا زەڭگى ۋەزىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاۋۋالقىدەكلا زەڭگى ئىشلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىراق، مۇسۇلمانلار رايونىدىكى بېتىكچىلەرنىڭ چىقىش يولىنى توسۇپ قويۇشتىن قورقۇپ، بولۇپمۇ بۇ ئەمەلدارلار بولمىسا ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق بولىدۇ، دەپ ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى يەتتە شەھەردىكى مۆھۈردار زەڭگىلەردىنيەتتە ئادەم كەم بولغاندا ھەممىسىگىلا پايتەختتىكى ئەمەلدارلىرىنى مۆھۈردار زەڭگى قىلىپ تەيىنلىدى. قەشقەر

مۇسۇلمانلار ئىشلىرىغا مەسئۇل زەڭگى پايتەخت ئەمەلدارلىرىدىن تالالاپ ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر چارۋىچىلىققا مەسئۇل زەڭگى مۆھۈردار ياردەمچى نازارەتچى ئامبال قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. يەكەندىكى ئىككى نەپەر مۆھۈردار زەڭگى ئىچىدە بىرسى ياردەمچى نازارەتچى ئامبال قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. قارا شەھەردە زەڭگى قاتارلىق ئۈچ ئەمەلدار كەم بولۇپ جەنۇبىي يولدىكى سەككىز شەھەردە تۇرۇشلۇق بېتىكچىلەر ئىچىدىن خەنزۇچە ماتېرىياللاردا پۇختا، پەزىلەتلىك ئادەملەر تالالاپ ئىشلىتىپ تولۇقلاش كېرەك. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن كېيىن «ھەرقايسى شەھەرلەردە زەڭگى كەم بولۇپ قالسا مۇشۇ يېڭى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئىش بېجىرىش»، «مەڭگۈ ئاشۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلارنى ئىشلەتمەسلىك ئەگەر خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى» كېرەك دەپ بەلگىلىدى.

بېتىكچى، مەزكۇر ئورۇندىكى مۇئاۋىن بېتىكچى ئىچىدىن تالالاپ تولۇقلايدىغان بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل، مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئورۇنغا قايتىپ بەلگىلىمە بويىچە ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر پايتەختتىكە كىرىشنى خالايدىغان بولسا ۋاسىللار مەھكىمىسىگە تولۇقلاپ ئىشلىتىش توغرىسىدا مەلۇمات يوللاش لازىم.

مۇئاۋىن بېتىكچى بولسا مەزكۇر ئورۇندىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئىچىدىن تالالاپ تولۇقلىنىدۇ.

ياساۋۇل پايتەخت تەرىپىدىن ئەۋەتىلىدىغان بولۇپ ئۈچ يىلدا ئالماشتۇرۇلىدۇ.

تۇرۇشلۇق قوشۇن جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن قوشۇن مۇقىم تۇرۇشلۇق ۋە ئالمىشىپ تۇرىدىغان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. «مۇقىم تۇرۇشلۇق قوشۇن بولسا ئەسكەر باشلاپ مەڭگۈلۈك مۇداپىئە قىلىپ تۇرىدۇ. ئىلى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، باركۆل قاتارلىق جايلاردىكى مانجۇ يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكىلەرنىڭ تارباغاتاي مانجۇ ئەسكەرلىرى ئىلىدىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ.

جەنۇبىي يولدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، ۋۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، باركۆلدىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ئىچكىرى جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان بولۇپ ھەممىسى يۆتكىلىپ، تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. بۇ غەيرىي دائىمىي تۇرۇشلۇق قوشۇن» . كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق مانجۇ ئەسكەرلىرى ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار تۇرپاندىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئەسكەرلەربولۇپ ئىككى، ئۈچ يىلدا ئالمىشىدۇ ياكى بەش يىلدا ئالمىشىدۇ.

ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ مېڭىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر. چيەنلۇڭنىڭ 46 ـ يىلى (1781 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ھەرقايسى پىرقە، مەھكىمىلەرنىڭ زەڭگىلىرى قاتارلىقلار ئىلگىرى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىسە، 3 يىلدا بىر ئالمىشىشنى، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئالماسلىقنى ھەمدە شۇ يەردىكى ئاياللارنى سېتىۋېلىپ خوتۇنلۇققا ئالماسلىقنى» بەلگىلىگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپە مۇددىتى ھەققىدە بەلگىلىمە، يەنى شەھەرلەرنىڭ ئامباللىرى، ھەرقايسى شەھەرلەرگە تەۋە ئەمەلدارلار ـ خادىملار، ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى.

5. ئەمەلدارلارنى سىناش تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلغان. ئەسلىدە سىناش تۈزۈمى بار بولسىمۇ، ئانچە چىڭ ئەمەس ئىدى. شۇڭا كونكرېت ئىجرا قىلىشتا بەزى مەسىلىلەر گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا چىقتى. شيۈەنگۈاڭنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1828 ـ يىلى) نايەنچىڭ بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئوردىغا مەكتۇپ سۇندى ھەمدە يېڭى نىزام تۈزۈپ مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى، سىناش تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

6. باشقا باشقۇرۇش نىزاملىرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدا يۈرگۈزگەن ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى، ھەربىي بىلەن مەمۇرىيەت ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە ئەمەلدار ئەۋەتكەن ئۇلار ئاساسىيلىقى ھەربىي ئەمەلدارنى ئاساس قىلغان بولغاچقا ھەرقايسى شەھەر ـ

قوۋۇقلارنىڭ خەلق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى مېخانىزمى پېتەرلىك ياخشى بولمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانلار رايونى چېگرىغا جايلاشقان. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي مەركىزىدىن يىراق، تۇپرىقى مۇنبەت، خەلقلىرى چوڭ ـ كىچىك بوستانلىقلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا ھەرقايسى شەھەرلەر بىلەن ئالاقە ئانچە قويۇق ئەمەس، بۇنداق پادىشاھتىن بىراق بولغان ئەۋزەل شارائىت مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خالىغانچە ئىش قىلىشى ۋە چىرىكلىشىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەمەلدارلار چىرىكلىشىشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆپلەپ پارشلاپ تۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1795 ـ يىلى) دىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلار رايونىنى تىنچىتىپ مۇقىم ھۆكۈمرانلىق تىكلىدى. گۇاڭشۈنىڭ 10 يىلىغا بارغاندى. (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر بىر قانچە قىسىم بىر قەدەر كەڭ كۆلەمدە قانۇن تۈزگۈزۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ قانۇنلار ھەممىسى مۇسۇلمانلار رايونىدا بىر قەدەر كەڭ كۆلەملىك قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەڭشەشتىن ئىبارەت. بۇ خىل قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلدارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چىرىكلىشىشى مەسىلىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. چىرىكلىكنى جازالاپ ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش قانۇن تۈزگۈزۈشنىڭ

مەقسىتىگە ئايلانغان. بىراق بۇ قانۇندىكى ماددىلارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلىشى، چىرىكلىشىشى جازالاش، پۇقرالارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

چيەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى (1765 ـ يىلى) ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى ئاتا، بالا سۇچىڭ ۋە خان پىتىكچى قاتارلىقلار «تىنچ كۈنلەردە مۇسۇلمانلارنى خىلمۇ خىل ئېغىر ھاشارلارغا ئەۋەتىپ قويۇپ ئۆزلىرى خالىغانچە مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلغان» لىقىدىن يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك قۇللارنى كۆپلەپ ھاشارغا ئەۋەتكەن. بەگ ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك قۇللارغا ھاقارەت كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، خەلق قوزغىلىڭى پارتىلىغان. چىڭ سۇلالىسى بۇ ئەنزىگە چېتىشلىق بولغان ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالىغاندىن سىرت، ئۇچتۇرپان ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندە، تۇرۇشلۇق باش ئەمەلدار ۋە قول ئاستىدىكى باشقۇرغۇچىلار بىلەن ئامبال بەگلەرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسىلىقى نۇ قېتىمقى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى بايقىغان. پەقەت ئامباللار بەگلەرگە بولغان مۇئامىلىدە «ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ خالىغىنىنى قىلىش» لا قالماستىن بەلكى قول ئاستىدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئەزالارمۇ يولسىزلارچە ئۆكتەملىك قىلدى. ھەتتا ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ «تەرتىپىنى كۆزگە ئىلماي

ھاكىملارنى كۆرۈپ سوقىدىغان ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىدىغان، «قىلمىشلىرى قائىدە - يوسۇنلاردىن ھالقىپ كەتكەن» ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى جياڭجۈنى مىڭ رۈي تۈزۈپ چىققان. «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ماددىلار» دا ھاكىمنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەر ۋە ئامبال ئەمەلدارلارنىڭ كۆرۈشۈشى قائىدە - رەسىملىرىنى بەلگىلەپ بەردى. «ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھاكىم، ئىشان بەگلەر. ئامبال ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە باشبۇغ ۋە مۇئاۋىن باشبۇغنىڭ كۆرسەتمىسىگە قاراشى قېپقالغان بەگلەر ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇش، مۇشۇ ئارقىلىق ئامباللار قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز خائىشى بويىچە نوپۇسىنى ئۆستۈرۈپ، تۆۋەنلىتىشىگە يول قويماسلىق» قاتارلىق مەزمۇنلار ئىدى.

جيا چىڭنىڭ 18 - يىلى (1813 - يىلى) ئىلى جياڭجۈنى سۇڭ جۈن تۈزگەن «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر 10 تۈرلۈك نىزام» دا مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئامباللىرىغا قارىتىلغان ئىككى ماددا كۆرسىتىلگەن.

بىرىنچىسى: «قەشقەر مەسلىھەتچىسى ئامبىلى ۋەزىپىگە چىقىشتا ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللارغىمۇ پىششىق بولۇشى كېرەك». بۇ ماددىدا مەسلىھەتچىسى ئامباللار ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، چېگرا ياقىلىرىدىكى ۋە چېگرا سىرتىدىكى ئەھۋاللىرىنى مەسىلەن، ئەنجان، قوقەن قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى كېرەكلىكى پەقەت ھاكىم - بەگلەردىن ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈرمەسلىكى

خۇشخەۋەرلەرگە سادىلىق بىلەن ئول بولۇپ، پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ قېلىش ئىللىتىدىن ساقلىنىشى.

ئىككىنچى: «مۇسۇلمانلار رايونىدىكى تۇرۇشلۇق ئامباللار ئېھتىياتچانلىق بىلەن ۋەزىپە ئۆتۈشى كېرەك»، بۇ ماددىدا قەشقەر مەسلىھەتچىسى ئامبىلى ۋە يەركەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قاتارلىقلارنىڭ شەرەپ بىلەن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ خىزمەت قىلىشنى «ئومۇمەن چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئەقەللىيسى، ھەمىشە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرغۇزۇشى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشى، ھەم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پارىخورلۇققا رۇخسەت قىلماسلىق بار ئېلىپ خەلققە زىيان سالىدىغان ئىشنى قىلىپ، خەلق ئالدىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى» تەلەپ قىلاتتى. ئەنجان قاتارلىق چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئېلىپ ساتىدىغان مەرۋايىت، تېرە ـ يۇڭلار ھەرقايسى ئامباللارنىڭ نەزىرىدە بىر پۇلغا يارىمىغان بىلەن، ھەرقايسى ھاكىمبەگلەر ئۇنداق قارىمايدۇ، تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسىغا قارىتا «تۇرۇشلۇق ئامبال ئۇلارغا مۇكاپات بەردى ۋە ئىلھاملاندۇردى».

چوڭ ـ كىچىك بەگ ۋە ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگىچە قارىتا «خۇشاللىق بىلەن چارلاشنى ئېلىپ بېرىپ ياخشى تەربىيە ئارقىلىق شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى». خەۋەر ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملارغا نىسبەتەن ئۆزگە ساداقەتمەن كىشىلەرنى تاللىۋېلىپ «ئەمەلدار ۋە ھاكىمبەگلەرنىڭ

ئىشلىرىنى پىششىق بىلىشى، خەۋەرچىلەر ۋە ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى جىنايەت ئۆلچىمىگە توشسا دەرھال جازالاشنى ھەم ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرىدىغان ئالاقىچىلەرنى ئىشتىن بوشىتىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدا يۈرگۈزگەن ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق مەمۇريي قانۇنى داۋگۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى) جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن تۈزۈپ چىقىلغان.

بۇ قېتىملىق توپىلاڭنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزاق، تەسىر كۆرسەتكەن دائىرىسى كەڭ، ھەم چىڭ سۇلالىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى خېلى چوڭقۇر بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئەگەر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەڭشەش ئېلىپ بارمايدىغان بولسا ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش تەسكە توختايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن، نايەنچىڭنى مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. نايەنچىڭ مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مېخانىزىمىدا ئورۇنلىشىۋالغان مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چىڭ سۇلالىسىگە دوكلات قىلىپ: «مۇسۇلمانلار رايونىدا پارىخورلۇق ئىشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ھەققىدىكى گىلەرمۇ ھەرقايسى چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ قوللىشى بىلەن پارىخورلۇقى كەتتى. پارىخورلۇق قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەس بولۇپ كەتتى. شۇڭا،

ھۆكۈمەت نامىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولارنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر» دېدى.

چىڭ سۇلالىسىمۇ بۇ قاراشنى قوللاپ، مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇتتى. «پارىخورلۇق قىلمىشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەمەلدارلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئەگەر قاتتىق چەكلىمىسە، كېيىن بۇنىڭدىن كېيىن چىققان ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىمەك قىيىن، ھەرقايسى ئەمەلدارلار دىيانىتىنى يوقىتىپ قاتتىق كېتىدۇ. دۆلەتنىڭ چوڭ ئەمەلدار ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ چىرىكلىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىپ كەتسىچۇ؟

نا يەنچىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى يامۇللار ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىك مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئاساسىدا، مۇسۇلمانلار رايونىدىكى چوڭ - كىچىك يامۇللارنىڭ قائىدە - نىزاملىرىدىكى 17 ماددىنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ مۇسۇلمانلار رايونىدا تۈزۈلگەن مەمۇرىي قانۇننىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىدى.

نا يەنچىڭ مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ۋە چىرىكلىككە زەربە بېرىش ھەققىدىكى مەلۇماتىنى قانۇننى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەستىقلىشىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك: 1. ھەرقايسى شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ سوۋغا قوبۇل قىلىشىنى قاتتىق چەكلەش.

دەسلەپتە، ھەر يىلى بايرام مەزگىلىدە، بەگلەر ھەرقايسى

شەھەر يامۇل ئامباللىرىغا مېۋە ـ چېۋە، ئاشلىق سوۋغات قىلىشى ئامباللارمۇ ئۇلارغا قايتۇرۇپ سوۋغا بېرىشى قاتارلىق قىلمىشلار ئەگەر مەلۇم دائىرىدا كونترول قىلىنسا، مەسىلەن، بەگلەر ئامباللارغا «پەقەت مېۋە ـ چېۋە ئاشلىق» سوۋغا قىلسا، ئامباللارمۇ قائىدە ـ يوسۇنغا مۇۋاپىق ھالدا سوۋغا قايتۇرسا، بەگلەر ۋە ئامباللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇنچە بەك ئېغىر مەسىلە ھېسابلانمايدۇ.

بىراق بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئاددىي ئەمەس، كېيىن بۇ تەرەققىي قىلىپ ئېغىر چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ: «ھەرقايسى ئامباللار ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، شۇ شەھەردىكى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەرقايسى قىشلاقلىرىنىڭ ھاكىمبەگلىرى مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولغان تاۋار ـ دۇردۇنلارنى، مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇلمىلىرىنى قاشتېشى ۋە تېرە قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلاتتى، ۋە بۇنى بۆلەك دەپ ئاتايتتى. ھاكىملارنىڭ بۇ خىلدىكى سوۋغا يوللاش قىلمىشلىرى چېكىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى» ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن ئامبال دەرىجىلىكلەر «ھاكىم بەگلەرنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىشتا مۇشۇ سەۋەبلىك رەت قىلىپ ھاكىملارنىڭ ئۆزىگە بىرمۇ ـ بىر باھاسى بويىچە ھېسابلاپ قايتۇرۇۋەتتى.»

چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ھەرىكەتلەرنى پارىخورلۇقنىڭ يىلتىزى دەپ قاراپ ئېنىق پەرمان چۈشۈرۈپ چەكلىدى: ھاكىم بەگلەرنىڭ سوۋغا ئاپىرىش ئىشلىرى مەڭگۈلۈك چەكلەندى. ئامباللار خىلاپ ھالدا سوۋغات قوبۇل قىلىپ، پارە ئالسا مەسلىھەتچى ئامبال تەكشۈرۈپ دەرھال مەلۇم قىلىشى كېرەك. بولمىسا سوۋغات

بەرگەن ھاكىم بەگلەر بىلەن تەڭ جازالىنىدۇ» بۇ بىر مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملارغا» كىرگۈزۈلدى. «ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامبارلارنىڭ بۇلاق قوبۇل قىلىشىنى چەكلەش» تىن ئىبارەت بۇ ماددىنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇشۇ. خوتەندە ھەريىلى خان ئامباللار ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كېرىيە قاتارلىق شەھەرلەرنى تەكشۈرگەن ۋاقىتتا ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ھاكىم بەگلەر قاتارلىق ئەمەلدارلار يۇڭ توقۇلما، ئىنچىكە توقۇلما، تېرە قاتارلىق سوۋغات قىلغاندىن تاشقىرى يەنە ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلارنى سوۋغات قىلغان كېرىيىنى مىسال قىلساق، ھەرقايسى ئامباللارغا بېرىلگەن ئالتۇن 40 سەر. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى يېتەكچى تەرجىمان قاتارلىقلارمۇ قىزىل ئاقچىدىن 2 - 3 مىڭ ئالغان «خوتەننىڭ ئەھۋالى باشقا يەرلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئەھۋال بىر قەدەم مۇرەككەپ، ئەگەر مۇشۇنداق پارىخورلۇق ئەھۋاللىرى سىزىلىپ قالسا، ئېنىقكى مەڭگۈلۈك توختىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇنداق بېكىتتى: «ئەگەر تەكشۈرۈش جەريانىدا سوۋغات قوبۇل قىلىنسا مەسلىھەتچى ئامبال دەرھال تەكشۈرۈشى كېرەك» بۇ بىر مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملار» غا كىرگۈزۈلۈپ «كېرىيە» قاتارلىق شەھەرلەرنى تەكشۈرۈشنى توختىتىش مەنئىي قىلىندى.

مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ بىر قىسىم بايلىرىدىن ئالاھىدە مەسلىھەت چىقىدۇ. مەسىلەن: ئاقسۇغا تەۋە بولغان بايدىن تۇخۇم، كۇچاغا تەۋە بولغان شاياردىن نەشپۈت قاتارلىق مەھسۇلاتلار مۇشۇ شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلاردىن باشقا ھەرقايسى

ئەمەلدارغا كونا تۈزۈم بويىچە سوۋغا قىلىنىدۇ. ئاشۇ شاھەردىكى ھاكىم بەگلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پارە بېرىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئاقسۇ كۇچادىكى ھەرقايسى ئەمەلدارغا بۇنداق ئىشنى مەڭگۈ قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

2. ھەرقايسى ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇق قىلىشىنى چەكلىدى.

بەگلەرنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن سوۋغات تەقدىم قىلىشىدىن باشقا يەنە، بىر قىسىم ئەمەلدارلار ھەرخىل مەقسەتلەردىن بەگلەردە قانۇنسىز پارە قوبۇل قىلىدۇ. نايەنچىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدا ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلار ئەمەلدار ئەۋەتىش نامى بىلەن بەگلەردىن باھايىتى قىممەت باھالىق مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ھەرخىل تېرە قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، بەگلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق بەرسىلەرنى بېرىدىغانلىقىنى، خاراكتېرىنىڭ ئىنتايىن ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى بايقىغان، شۇڭلاشقا چىڭ ھۆكۈمىتى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: «بۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ ـ كىچىك ھەرقايسى يامۇللارنىڭ پارە ئېلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ». چوڭ كىچىك يامۇللار رۇخسەتسىز مۇشۇنداق قىلسا، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ.

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلار ئىچىدە نۇرغۇن ئادەم بازاردا زور مىقداردا ئات سېتىۋېلىپ ھاكىملارنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ھاكىملار بۇنى بېقىپ ساتىدىغان ۋاقىتتا باھاسىنى ئۆرلىتىپ ئوتتۇرىدا پايدا ئالغان بولۇپ، ھەربىر ئاتتىن 5000 دىن تارتىپ 10000 غىچە قىزىل ئاقچە پايدا ئالغان يەنە

تارتاڭ قوبۇل قىلغان بولۇپ سانى مىڭغا يەتكەن. خالىغانچە باھا قويۇپ ھاكىملارغا تاپشۇرۇپ پايدا ئالغان. نايەنچىڭ مۇنداق قارىغان: «بۇ خىل پارىخورلۇق ئىنتايىن نۇمۇسسىزلىق بولۇپ چوقۇم ئالدىنى ئېلىش كېرەك» بۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئوبرازىغا زور تەسىر كۆرسىتەتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قارىتا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ ئېنىق چەكلىدى: «بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمبەگلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئورنىدا مال سېتىۋېلىش ئىشلىرى مەڭگۈ چەكلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغان ھاكىم مەسلىھەتچى ئامبال، ھاكىم بەگلەرمۇ بىردەك قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» بۇ بىر مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملارغا» غا كىرگۈزۈلۈپ مۇنداق ماددا قىلىپ ئۆزگەرتىلدى: «مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ئات سېتىۋالسا بەگلەرنىڭ يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى. ياردەمچى ئامبال قاتارلىقلارغا قاراشلىق ھاكىم بەگلەر ئاتلارنى ئەۋەتكەندە ئەمەلدارلار بۇ ئاتلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باھاسىنى ئۆستۈرۈپ ھاكىم بەگلەرگە ساتقان. ھاكىمبەگلەر بولسا بۇنى يۇرتقا سېلىق قىلىپ چاچقان. بىر قىسىم رايونلار نامرات بولغاچقا بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھەتتا «گۇناھكار بولۇپ قېلىش» يۈز بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى بۇنى قاتتىق چەكلىدى. مەسلىھەتچى ئامبال، يارەمچى ئامبال، قاتارلىقلار ئاتلارنىڭ باھاسىنى ئۆزگەرتمەي تارقىتىشى كېرەك. ئەگەر خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا ھاكىم بەگلەرگە ئوخشاش بىردەك ئېغىر جازالىنىدۇ» .

قەشقەردە يامۇلدىكى ئەمەلدارلار ھەر ئايدا ھاكىم بەگلەر ئەۋەتكەن 25000 قىزىل ئاقچىغا ئىگە بولىدۇ. بىتىكچى 5000 ئائىلىدىكى ئاشپەز ۋە ھەرخىل ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى ھاكىملار تەمىنلەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىرخىل چىرىكلىك ھادىسىسى. داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى يامۇللاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ تۈز - سەي خىراجىتىنى ئىككى سەر يۇقىرى كۆتۈردى. ھەم ئەمەلدارلارنىڭ يەنە مۇشۇ خىلدىكى بۇيۇملارنى قوبۇل قىلىشنى چەكلىدى. ئەگەر يەنە مۇشۇنداق ئەھۋاللار بولسا مەسلىھەتچى ئامبال دەرھال تەكشۈرۈپ تۈزىتىشى كېرەك. ئەگەر ھاكىمبەگلەر يەنىمۇ ئاۋۋالقىدەك نەرسە - كېرەكلەر بىلەن تەمىنلىسە ئوخشاشلا بىردەك جازالىنىدۇ.

بۇ ماددا «مۇسۇلمانلار يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملار» غا كىرگۈزۈلۈپ «ھاكىمبەگلەرنىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارى قاتارلىقلارنى ئايلىق خىراجەت بىلەن تەمىنلەشنى قاتتىق چەكلەش» ماددىسى قىلىندى.

### 3. ئاشكارا ئالۋان - سېلىقنى قاتتىق چەكلەش كېرەك

ئەڭ تىپىك بولغىنى شۈكى« قىرىقلىق» ۋە سېلىق يىغىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئېنىق پەرمان چىقاردى. مۇسۇلمانلار رايونىدىكى غەربى تۆت شەھەردىكى چوڭ - كىچىك يامۇللارنىڭ چىقىمىنى ھەمدە ھۈنەر كەسىپ مەھكىمىلىرىنىڭ ھەرتۈلۈك يېمەك - ئىچمەك خىراجىتى ۋە يامۇلنىڭ ھەرتۈرلۈك

ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسلار تەرىپىدىن ياللاپ ئىشلەتكەنلەرنىڭ ھەقلىرى قاتارلىقلارنى بەگلەر ئاۋامغا چېچىش شەكلى ئارقىلىق يىغىۋېلىندى. بىراق ھاكىمبەگ قاتارلىق ھەردەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئومۇمنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، سېلىقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ چېچىپ ئۆزىنىڭ يېنىنى چىڭدىدى. ھەتتا ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىدىكى ھەرقايسى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ ھەرئايدا ھەربىر نوپۇسقا 25 قىزىل يارماق سېلىق چېچىپ «قىرىقلىق ياكى سېلىق» دەپ ئاتاشتى. بۇنىڭغا قانائەت قىلماستىن يەنە ھەربىر نوپۇسقا ئايرىم سېلىق چېچىپ، ئالىدىغان ئاقچىنىڭ سانىنى بېكىتمەي خالىغانچە ئېلىپ پۇقرالارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. «قىرىقلىق» ۋە سېلىق چېچىش «غەربىي تۆت شەھەردىكى بىرىنچى چوڭ پارىخورلۇق» دەپ ئاتالدى. نويانلار بۇ ئىشنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ بۇخىل سېلىقلارنى «مەڭگۈلۈك بىكار قىلىش ـ قارشىلىق قىلغۇچىلار بولسا قاتتىق جازالاش پەرمان ئىجرا قىلىشقا بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللار پەرمان بويىچە ئىش بېجىرىش ھاكىمبەگلەر پەرمانغا خىلاپلىق قىلسىمۇ بىردەك جازالاش» نى بەلگىلىدى.

بۇ بەلگىلىمىنىڭ مەزمۇنى «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملارغا كىرگۈزۈلۈپ، «چوڭ ـ كىچىك يامۇللاردىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنى چەكلەيدىغان» بەلگىلىمىلىك مەزمۇنغا ئايلاندى.

4. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى يامۇللارنىڭ كېرەكلىك

بۈيۈملارنى سېتىۋېلىش تىلماچى ئىشلىتىش ۋە ھۈنەرۋەن ياللاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق چەكلەندى.

مۈسۈلمانلار رايوندىكى چوڭ ـ كىچىك يامۈللار كېرەكلىك تۈرمۈش بۈيۈملىرىنى سېتىۋالغاندا ئەسلىدە ھۆكۈمەت تەرەپ بېكىتكەن باھا بويىچە سېتىۋالاتتى. مۈسۈلمانلار يۈرتىنىڭ ئەھۋالى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئانچە تونۈش بولمىغاچقا ھۆكۈمەت تەرەپ بېكىتكەن باھا ھەمىشە بازار باھاسىدىن تۆۋەن بولۈپ قالاتتى. ھاكىمبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلارمۈ تولۈقلاپ بېرىشكە ماقۈل بولاتتى. شۈڭلاشقا ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئامباللىرى لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىش ئىشنى ھاكىمبەگلەرنىڭ بېجىرىشكە تاپشۈرۈپ «مۈقىم باھا بەلگىلەپ بەرمەيتتى.» تەبىئىيكى ھەردەرىجىلىك ھاكىمبەگلەر ئۆز پۈل تۆلىمەيتتى. بەلكى مۈشۈ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋامنى شىلىۋالاتتى. چىڭ سۈلالىسى ھۆكۈمىتى «بۈنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئامباللار ماددى بۈيۈم شىلىۋالغاندا، ھاكىمبەگلەرنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشقا ئەۋەتمەسلىكى چوڭ ـ كىچىك يامۈللار بازار باھاسىنى پىششىق ئۈقۈشۈپ ئائىلىسىدىكىلەرنى سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىشى كېرەك.» ئەگەر ئىلگىرىكىدەك پەرمانغا خىلاپ قىلمىشلار كۆرۈلسە مەزكۈر مەسلىھەتچى ئامبال يۈقىرىغا مەلۈمات يوللىشى، قانۈن بويىچە ئىش بېجىرىشى كېرەك دەپ بەلگىلىدى. مەزكۈر ھاكىمبەگمۈ بىردەك جازالىنىشى كېرەك. مەسلىھەتچى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا ئىلى جياڭجۈنى تەكشۈرۈپ، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللار بىلەن

مەسلىھەتلىشىپ پاكىتقا ئاساسەن جازالاش كېرەك». بۇ بىر مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» غا كىرگۈزۈلۈپ «چوڭ ـ كىچىك يامۇلدىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى (ۋاكەلىتەن بۇيۇملارنى) سېتىۋېلىشنى قاتتىق چەكلەش» ماددىسى قىلىندى.

قەشقەر ئامبال يامۇللىرى تۆۋەن باھادا تۈلكە تېرىسى ۋە قوي تېرىسىنى سېتىۋېلىش ئىشلىرىدا ھەربىر تۈلكە تېرىسى 30 قىزىل يارماق، قوي تېرىسى بولسا بەش يارماق بولۇپ بازار باھاسىدا تۆۋەن تۇرىدۇ. كەم قىسىملىرىنى بولسا ھاكىم بەگلەر تولۇقلايدۇ.

تۆلەم مىقدارى نەچچە ھەسسە بولۇپ، بىر يىدا نەچچە مىڭ پارچە تېرە ئېلىناتتى، بىتىكچىلەر بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېنىنى توملايتتى، ھاكىمبەگلەر بولسا بۇ پۇللارنى پۇقرالارغا سېلىق قىلىپ چېچىپ يىغىۋالاتتى. چىڭ سۇلالىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى «بۇندىن كېيىن چوڭ ـ كىچىك يامۇللار تېرە سېتىۋالغاندا بىردەك بازار باھاسى بويىچە بولۇش. ھاكىم بەگلەرنىڭ يۇشۇرۇنچە تولۇقلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق ئەگەر مەزكۇر ئامبال ئاۋۋالقىدەك تۆۋەن باھادا سېتىۋالسا، ھاكىم بەگلەر ھەرقايسى مۇسۇلمان تۇتۇنلىرىگە ئۇقتۇرۇش چىقىرىش، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

مۇسۇلمانلار رايوندىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللاردا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كەم بولۇشى ياكى خىزمىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر ھاكىمبەگلەر بىردەك كۇنلۇك يېمەك ـ ئىچمەك تارقىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋام ئىچىدىكى بەزى

كىشىلەر قىرىلىق قاتارلىق ھاشار ـ سەيسەدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىلماچ ۋە موللىلارغا پارە بېرىش ئارقىلىق يامۇلغا ھۆنەرۋەن بولۇپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئاۋۋالقىدەكلا يەنە پۇقرالار ئىچىدىن كۆپەيتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: «بۇندىن كېيىن چوڭ ـ كىچىك يامۇللار ھۆنەرۋەنلەرگە ئۆزلىرى ھەق تارقىتىش، ھەمدە ھاكىمبەگلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشكە رۇخسەت قىلماسلىق، پارە بېرىپ ھۆنەرۋەنلەر بولۇشتەك ئىشلار مەڭگۈلۈك چەكلەندى. غەللە ـ پاراق ئامەلدارى باجنى بىردەك ئېلىش، نامرات مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ نامرات قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇندىن كېيىن چوڭ ـ كىچىك يامۇللار ئەگەر ئاۋۋالقىدەك شەخسىي شەخسىي ھۆنەرۋەنلا تۇرغۇزسا ھەم ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى نامرات مۇسۇلمانلاردىن يىغىۋالغاندا، مۇسۇلمانلار پاكىتنى كۆرسىتىپ خانغا مەكتۇپ يوللىسا مەزكۇر ھاكىمبەگ قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ» بۇ بىر مەزمۇن مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» غا كىرگۈزۈلۈپ «مۇسۇلمانلار رايونىدىكى چوڭ ـ كىچىك يامۇللار ئۆزلىرى ھۆنەرۋەن يالىلاش» ماددىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ھەرقايسى يامۇللاردىكى ئەمەلدارلارمۇ ھاكىمبەگلەر تەرىپىدىن كۈندىلىك ئۈن بىلەن تەمىنلىنەتتى. بۇ بىر نۇقتا نويانىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى. «ھەرقايسى ئەمەلدارلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۈق يېمەك ـ ئىچمەكلىرى بولۇپ باھاسى قىممەت، ھەقىقەتەن مۇشۇنداق، ھەرقايسى ئامباللار ئۇسۇللارنى تەڭشەپ، ھاكىمبەگلەرنىڭ تەمىنلىشىنى قوبۇل

قىلغان» نويان خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ مۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى قاتتىق چەكلەشنى تەلەپ قىلدى. «بىردەك قاتتىق چەكلەپ توختىتىش، خىلاپلىق قىلغان ئەمەلدارلار، ھاكىملارنى بىردەك جازالاش» بۇ بىر مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۇچۇن قائىدە ـ نىزاملار» كىرگۈزۈلۈپ، «ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىي ھالدا ئۇن بىلەن تەمىنلىشىنى قاتتىق چەكلەش» ماددىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى چوڭ ـ كىچىك يامۇللارنىڭ تىلماچ ‹موللا ئىشلىتىش ۋە ھەرخىل ھاشارنىڭ توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە چىقاردى. نويانىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردىكى يامۇللار ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلماي، زور مىقداردا تىلماچ، موللا ئىشلەتكەن ھەم شۇ ھەرخىل ھاشارغا سېلىپ يامان تەسىر پەيدا قىلغان. «مۇشۇنداق ئادەملەرنى يامۇلغا ئەكىرىپ ھاشارغا سېلىش پۇتۇنلەي ئالدامچىلىق، سۇيئىستېمال قىلىش ھەرىكەتلىرى بولۇپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىمۇ كۆپ بولغان. باج يىغىش قاتارلىق ئىشلاردا ئامباللار ئۆزلىرىدىن باشقا يەنە ئائىلىسىدىكىلەر تەپتىش ئەمەلدارلىرى، بېتىكچى، ھەتتاكى ھاكىمبەگلەر قاتارلىقلارنىڭ ھەرخىل قىلمىشلىرى مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان.» شۇڭلاشقا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەلگىلىمە چىقاردى: «ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامبال يامۇللىرى ھەرقايسى 20 تىلماچ ئىشلىتىش. موللو ئون نەپەر، ھاشارغا ئىشلىتىدىغان مۇسۇلمان 20 نەپەر، بۇنىڭدىن سىرت ھەرقانداق يامۇلنىڭ مۇسۇلماندىن

بىرنى ھاشارغا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا نىزامنامە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ». بۇ بىر مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملار» غا كىرگۈزۈلۈپ، «مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىكى يامۇللارنىڭ تىلماچ ئىشلىتىش» ماددىسى قىلىندى.

مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە ئەسلىدە ھاشارغا سېلىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. داۋگۇاڭ يىللىرىغا كەلگەندە ئەمەلدارلارنىڭ سانىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى بىلەن ھاشارغا سېلىنىدىغان ئادەم سانىمۇ كۆپەيدى. بۇ يامۇل ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى توغرا بولمىغان ھادىسىلەرنىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان. بۇ بىر قىسىم يامۇلغا ھاشارغا ئىشلەيدىغان پۇقرالار، «ھەربىرسى ھەر ئايدا تاپشۇرىدىغان قىزىل يارماق نەچچە يۈزدىن 2 مىڭغىچە بولۇپ، ئايلىق پۇل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلار ھەمىشە سېلىقتىن ساقلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن باجغا ئاساسەن ئايلىق ئېلىپ، ھاشاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ ھەمدە يەنە يىلدا ئارتۇق ئاشلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يېنىغا تارتىپ، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يالغاندىن ئۆزىنى ئاتايدۇ. بۇنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى بولسا ئاۋۇالقىدەكلا نامرات مۇسۇلمان ئاممىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ». نويان ئاھ ئۇرۇپ: «شەھەرلەرگە بىر ئەمەلدار كۆپەيسە، ھەر قايسى يېزىلاردا نەچچە ھەسە ئازاب كۆپىيىدۇ. مۇشۇنداق سۇيىئىستېمال قىلغۇچىلارغا قارىتا «نويان بۇ ھادىسە توغرىسىدا

چىڭ سۇلالىسىگە تەكلىپ سۇنۇپ، «مەڭگۈلۈك چەكلەپ خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. شۇنىڭغا ئەگەشكەن بەگلەر ۋە مۇسۇلمانلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن.

5. باشقا چىرىكلىك قىلمىشلىرى

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئەمەلدارلار ھەمىشە ھاشارچىلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ خەت توشۇشنى باھانە قىلىپ، شەخسىي ئۇلاغ ـ ئاتلارنى ئەۋەتكەن، ھەر بىر ئاتنىڭ باھاسىنى 20 مىڭ قىزىل يارماقتىن 15 يارماققىچە بېكىتكەن، ئەۋەتىلگەن.

«ھۆكۈمەت ئاتلىرى بىلەن ئائىلىگە خەت توشۇش چەكلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇندۇرۇپ ھەق ئېلىش، تېخىمۇ كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇنداق بەلگىلىدى: «بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق سەيسلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى ئامباللارنىڭ مۆھۈر ئىسپاتى بولۇشى، ئەۋەتكەندەك مەسلىھەتچى ئامبال ۋە مەزكۇر ئامبالنىڭ مۆھۈرى بولمىسا، شەھەر ياكى يېزا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوڭ ـ كىچىك مۇسۇلمانلار بىردەك بۇنىڭغا قارىتا ھەق تۆلىمەسلىك كېرەك. مەسىلەن: ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھايانكەشلەرنى ئەۋەتىپ ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئىشلىرىغا نىسبەتەن شۇ جاينى باشقۇرۇۋاتقان ئامباللار قاتتىق جازالاپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك» ① ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار قاراۋۇلخانىلارنى

ۋە ھەرقايسى يېزىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا داۋاملىق ھايانكەشلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلارنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن ئىشلارنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى بەلگىلىمە چىقىرىپ «مۇشۇ ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەلدارلارغا ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تامغا تارقىتىلغان بولۇشى. مىنىشكە بولىدىغان ئاتنىڭ سانىنى، تىزىمغا ئېلىشى كېرەك. ئەگەر تىزىملىكنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ باھاسىنى خالىغانچە چۈشۈرۈۋەتسە، ھەرقايسى ئامباللار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ جازالىشى كېرەك. بۇ قاتار مەزمۇنلار «مۇسۇلمانلار يۇرتى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملارغا كىرگۈزۈلۈپ «ئات - ئۇلاغلارنى خورلاپ ئىشلىتىشى ۋە خالىغانچە باھاسىنى تۆۋەنلىتىشكە رۇخسەت قىلماسلىق» ماددىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى ماددىلارنىڭ تۈزۈلۈشگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ ئېنىق قىلىپ: نويان قاتارلىق ھەر قايسى شەھەرنىڭ مەكتۇپ يوللىغۇچىلىرى شەھەرلەرنىڭ ئېنىق ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ دوكلات قىلىشى، دوكلات قىلىنغان مەزمۇنلار نويانلارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك. يېقىندا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئاۋارىچىلىق ئىشلارنى مەڭگۈلۈك تۈگىتىشى لازىم، ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئامبال يامۇللىرى، ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىم بەگلىرى، ئۆزئارا مۆھۈر ئالماشتۇرۇپ ھەر قايسى يېزىلارغا تەقسىم قىلىناتتى. ئومۇمىي ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ تۇراتتى. ھەر قايسى ئامباللار پەسىللەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىرىنى شۇ يەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىرىغا بىر يىلدا بىر

قېتىم ئېنىق دوكلات قىلىشى كېرەك. ئەلى جاڭجۇنى مەھكىمىسىگە قاراشلىق ھەر قايسى شەھەرلەرمۇ يۈز خاتىرە قىلىنماي ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈلۈشى كېرەك.

زەنگى، بەگ قاتارلىقلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، بۇ ئەمەلدارلارمۇ رەھىم قىلماي ئۆلتۈرۈلماي مەسلىھەتچى ئامباللارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. پات ئارىدا مۇشۇ قائىدە بويىچە مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشى، ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئامباللىرى ياكى قانۇننى پەس كۆرۈش قىلمىشلىرىنى قاتتىق چەكلەش ياكى ئۆز كۆزى بىلەن تۇزلۇشنى ئۆزگەرتىلىشنى كۆزىتىشى، ئېلىۋېتىشكە تېگىشلىكلەرنى ئېلىۋېتىشى كېرەك. مەسلىھەتچى ئامباللار بۇ ئىشلارنى يۇقىرىغا ئېنىق دوكلات قىلىشى چېيەنلۇڭ يىللىرىدىكى تەپەلەرنىڭ خىراجىتى شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بارلىق نازارەت ئاستىدىكى ھاكىم بەگلەرمۇ قانۇننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش لازىم. ئەگەر مەسلىھەتچى ئامباللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ دىيانەتلىك بولماي خالىغانچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قانۇننى چەكلىك، ھەرقايسى ئامباللاردىن پارا ئالسا، قىلمىشلىرى جىنايەت سادىر قىلسا، ئەلى جاڭجۇنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا يوللىشى ھەم ھەر قايسى ئامباللارنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى پاش قىلىشقا تەييار تۇرۇشى لازىم. ئەگەر جاڭجۇننىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرى بولۇپ بايقالمىسا، مۇشۇ ئامبالنىڭ قول ئاستىدىكى قانۇنسىز شەخسلەر جازالىنىپلا قالماستىن خەلقى مۇشۇ جاڭجۇنمۇ قاتتىق جازا ئۇچرايدۇ. ھەرگىز كەڭچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلار يەنى چوڭ - كىچىك

ئەمەلدارلارنىڭ بوزاك قىلىشىغا ئۇچرىسا، ھەرقايسى يامۇل ئامباللىرىغا ئەرز قىلىشقا تەييارلانسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ يامۇل ئامباللارنى كۆڭۈل قويۇپ بېجىرمىسە، بېيجىڭغا كىرگەندە ۋاسساللار مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇشى كېرەك. ئەگەر ۋاسساللار مەھكىمىسىمۇ ئوخشاشلا ياخشى بىر تەرەپ قىلمىسا، ئۇ قارايدىغان پايتەختتىكى ھەرقايسى يامۇلغا ئەرز قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئەرزى ئېقىپ قالسا جىنايىتى بىكار قىلىنىشى، ئەرزى راست بولمىسا ياكى مەسلىھەتچى ئامبال ياكى جاڭجۇن يامۇلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن بولسا، ئوخشاشلا ئەرز قىلغۇچى جىنايەتلىك بولۇپ قالىدۇ: بۇ قېتىمقى ئېنىق بەلگىلىمىدىن كېيىن ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئامباللار ئەمەلدارلار ئىشنى بېجىرىشتە ئادىل پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، بۇرۇنقىدەك خالىغانچە جىنايەت سادىر قىلغان پارا ئالغان ئىشلارنى قىلمىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئوغۇرلۇقچە بىر - بىرىنى پاش قىلىش ئىشلىرىنى بارلىققا كەلدى.

7. چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمانلار رايونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىشىدىكى تىپىك ئەنزىلەر

گاۋپۇنىڭ قاشتېشى سودىسى قىلىش دېلوسى

چيەنلۇڭنىڭ 13 - يىلى (1778 - يىلى) 9 - ئايدا يەكەن ھاكىم بېگى سېتىۋالدى چىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇماتنامە سۇنۇپ «دانىشمەن ئالىيلىرىغا پېقىر قۇللىرىدىن سالام» يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى گاۋفۇ « يەكەندە سۇجۇلۇق سودىگەر بىلەن سودا قىلىپ قاشتېشى قاتارلىقلار ئۆزى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ

سېتىپ ھايانكەشلىك قىلدى»③ دېدى. كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ گاۋفۇنىڭ ئۆز ئىچىدە يىغقان «كۈمۈش 16000 سەردىن كۆپرەك. ئالتۇن بولسا 500 سەردىن كۆپرەك» لىكىنى بايقىدى. «ئالتۇن كۈمۈشلىرىنىڭ سانى يوق ئىدى»③ گاۋاۇنىڭ ئىپلاس قىلمىشلىرى يەنە «ئالتۇن كۈمۈشلىرىنى باھا بېكىتمەي سېتىشى» ④ «بەگلەرنى تولۇقلىغان چاغدا ئۇلاردىن كۈمۈش ئۇندۇرەلىشى» ⑤ قاتارلىقلار. گاۋ فۇ يەركەندە تۇرغاندا «مۇسۇلمانلاردىن ئۇنىڭغا ئۆچ ئەمەس ئادەم قالمىغانىدى⑥.

چېنلۇڭ خان گاۋخۇنىڭ بۇنداق قاپ يۈرەكلىك بىلەن قىلغان قىلمىشلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ «ئىلگىرى قاراخان ئويراتلار رايونىدا ئىشى بېجىرگەندە مۇسۇلمانلار ھەددىدىن ئېشىپ جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۈگۈنكى گاۋ فۇمۇ قوشۇمچە مۇپەتتىش ئەمەلدارىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشى قاراخانىيلارنىڭ ئاشۇ چاغدىكى قىلىقلىرى بىلەن نېمە پەرقى؟ ۋاقتىنى ئازراق ئۇزارتىپ قويسا ئۈچتۇرپاننىڭ ئىشلىرىغا تەھدىت سېلىشى ۋە چوڭقۇر ئازاپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن»⑦ چېنلۇڭ ھۆكۈمىتى قاتتىق قارار چىقىرىپ مۇشۇ ئەنسىزىگە چېتىشلىق بولغان ئەمەلدارلار شۇنداقلار گاۋفۇنى قاتتىق جازالاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. «مۇشۇ جاينىڭ قانۇنى بويىچە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ قاتتىق نازارەت قىلىشى⑧ «جەستىنىمۇ ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىشكە يول قويماسلىق»⑨ بۇ ئەنسىزەدە «باش جىنايەتچىگە يېقىندىن ماسلاشقان ئىشان بەگ ئابدۇشۈكۈر قاتارلىقلار بار بولۇپ» بۇلارنىمۇ يەرلىك قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى

كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەسلىھەتچى ئامبال چوكېتو «ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى ھەممىسىنى دېگۇدەك كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى، ئەگەر گاۋفۇنىڭكىدەك ئىپلاس قىلمىشلار بولۇپ قالسا، ... ئۇچتۇرپان بىلەن يەكەننىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇڭتۇمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ باققان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قالىدۇ؟ قانداقمۇ پاكىت كۆرسەتسە بىز ئۇنى تەھلىل قىلالايدۇ؟ شۇڭا نۆۋەتلىشىپ جىنايىتىنى يوشۇرغانلارنى ئەمەلىي خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىشى كېرەك» دېدى. يەكەننىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۇچى ئامبىلى شۇ باۋ «گاۋفۇ بىلەن بىر شەھەردە ئىش بېجىرىۋاتقاندا گاۋفۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قانۇنسىز قىلمىشلارنى قىلىشقا قاتتىق قارشى تۇرۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىپ گاۋ فۇ بىلەن ماسلاشماسلىقى، ئەگەر دەرھال بايقىلىپ قالسا گاۋفۇ بىلەن ئوخشاش خىزمىتىدىن بىكار قىلىدۇ ـ ئەگەر ھەممىنى بىلىپ ئۆزىنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى تۈزۈتكەن بولۇپمۇ، بىراق گاۋفۇدىن قورقۇپ ئاشكارىلىيالماي يۈرگەنلەر بولسا دۆلەتنىڭ مۇسۇلمانلار رايونىدىكى مۇھىم ئىش بېجىرىشى رولى خاتا چۈشەنگەن ھەم ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ جىنايىتى چۈختۇنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولۇپ، ھەرگىز يېنىك بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ.» ⑩. شۇڭا چۈختۇ شۇچاۋ قاتارلىقلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ جازا ئارقىلىق جىنايىتىنى بۇيىدىن، گاۋفۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قىممەتلىك

گۆھەرلەرنى ساتقان سوْنگەپەرر، ئەنسزگە موْناسىۋەتلىك بولغان گاۋ فوْنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى «ئوموْمەن نىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ بېيجىڭغا مەلۇم قىلىنىشى، قايتىدىن بىر تەرەپ قىلىپ ھەممىنى پۇتۇنلەي بىكار قىلىشتى»، چيەنلوْڭ خان تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قىممەتلىك گۆھەرلەرنى ئوغۇرلاپ سېتىشقا موْناسىۋەتلىك مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن ئۆلكە ئەمەلدارلىرىنى خېلى زور دەرىجىدە چۆچىتىۋەتتى.

2. قوْموْل ياندائش ئايماق بېگى جىڭفاڭنىڭ ئامبارنى قۇرۇقداپ قويۇش دېلوسى.

چيەنلوْڭنىڭ 46 ـ يىلى (1781) قوْموْلنىڭ خان ئامباللىرى ئامبىلى فوْدې، خاچىڭئالار چىڭ سوْلالىسىگە مەكتۇپ يوللاپ، گەنسۇلۇق ماۋجېن ئەنزىسىدىكى قوْموْل ياندائش ئايماق بېگى چىڭ فاڭ «ئامبىرىدىكى قىممىتى 23 مىڭ سەردىن ئارتۇق بايلىقنى ئىشلىتىپ يوقىتىپ بوْلدى» دېدى. چىڭ سوْلالىسى ھۆكۈمىتى «جىنايەت ئەھۋالىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر دەپ قاراپ جىڭ فاڭنى لەنجۇغا يالاپ ئاپىرىپ سوراق قىلىپ پارە ئالغان خىيانەت قىلىپ يوقىتىۋەتكەن، پۇللارنىڭ سانىنى ئاشكارىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئىلگىرى (ئاۋۋال) «جىڭ فاڭ ۋەزىپە ئۆتەۋەتقان مەزگىلدە، يۇقىرىدىكى ئامبارچى ئەمەلدار بىلىدىغان بايلىق. 61300 سەردىن ئارتۇق ئىدى. بىراق ھازىر ئامباردا ھېچنېمە يوق». ئىككىنىنى سېلىشتۇرغاندا «خىيانەت قىلغان پۇل 8000 سەردىن ئارتۇق بولغان».

چىڭ سۇلالىسىنىڭ «بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە كېيىن «جىڭفاڭ تەرىپىدىن خىيانەت قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ 136000 سەردىن كۆپ» لىكى بايقالغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە بىر ئازدىن كېيىن تەكشۈرۈپ «ئومۇمىي خىيانەت قىلىپ ئامباردىن يوقاتقان بايلىق 15000 سەردىن ئارتۇقلۇقى ئېنىقلانغان. چيەنلۇڭ پادشاھ «جىڭ فاڭغا ئوخشاش ياندىش ئايماق بېگىدىن ئىبارەت بىر كىچىك ئەمەلدارنىڭ خىيانەت قىلغان سوممىسى 15000 سەردىن ئېشىپ كەتكەن بۇ ئىشنى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق» دەيدۇ. چيەنلۇڭ پادىشاھ بۇ ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نەتىجىدە «جىڭفاڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى تۆرۈشلۈق جايدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئىلىغا بېرىپ ئويراتلارغا قۇل قىلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيۇشى» ھۆكۈم قىلىندى.

بۇ دېلونىڭ ھەل قىلىنىشى يەنە نۇرغۇنلىغان ئەمەلدارلارغا چېتىلاتتى.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشچە چىڭدى ئايمىقىدىكى جايەن دەريا جىنىشى مەھكىمىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا جىڭ فاڭنىڭ 1000 سەر كۈمۈشىنى قوبۇل قىلغان» . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ كۈزدە كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىشى بەلگىلەندى» . يەنە ھازىر جىنىش مەھكىمىسىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان فۇمىڭغا «جىڭ فاڭنىڭ خىيانەت قىلىۋاتقىنىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەڭ چېتىلىپ قېلىشنى قورقۇپ پاش قىلمىغاچقا... بۇنىڭغىمۇ ئوخشاشلا تۈرمىگە سولاپ تۈرمىدە ئۆلۈشى ھەرگىز

قويۇۋەتمەسلىك جازاسىنى بەردى. شۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا يېڭىدىن ئەمەلدار ئەۋەتىپ خىيانەتچىلىك قىلمىشىنى ئۇنۇملۇك جازالىدى» . قومۇل ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى فۇدې، خاچىڭئا قاتارلىقلار. گەرچە جىڭ فاڭنىڭ ئۈستىدە ئەمەلدار بولمىسىمۇ، بىراق يېقىن بىر شەھەردە تۇرۇپ قانداقمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولمىسۇن؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا پاش قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لى لىڭ تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىندى. ئىلگىرى ئۇرۇمچىدە باش بوغ ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن سۇنۇم سىلىڭ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى مەسئۇل خادىملارنىڭ جاۋابكارلىقى بار دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ بىراق، «ئۇلارنىڭ چىرىكلىشىنى ئۇنۇملۇك توسماي كەڭچىلىك قىلىپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، كېيىن يەنە ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە «ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارغا قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسىنى يالغان مەلۇم قىلغان ھەم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پارا بەرگەن سەرلەپ پۇل ماللىرىنى قوبۇل قىلغان» . بۇ جىنايىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن جازاغا ھۆكۈم قىلىندى. دەسلەپتە تۈرمىدە نازارەت قىلىنىپ كېيىن ئىشلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈلۈپ ئەڭ ئاخىرىدا «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بۇيرۇلدى»

.

3 . گېپىڭنىڭ خىيانەتچىلىك دېلوسى.

چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى 1788 يىلى يەكەن خان ئامبىلى دافۇ ئەھۋال مەلۇم قىلىپ خوتەن لەشكەر بېشى ئامبىلى گېڭ شى خوتەندە بېتىكچى ئۆز نامىدا ھاكىمبەگ مەمەت ئىمىندىن پۇل

قاقتى ـ سوقتى قىلغان⑥، يەكەن خان ئامبىلى تاجى «خوتەننى كۆزدىن كەچۈرۈشكە» بارغاندا، خوتەن لەشكەر بېشى ئامبىلى جىنگېدىن ئەھۋال ئىگىلىدى. جىنگې: گې بېگئې «ئالتە شەھەرنى كۆزىدىن كەچۈرۈش جەريانىدا مۇسۇلمان بەگلەرنىڭ قوي، ئات، تاۋار ـ دۇردۇنلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ھەر قايسى بەگلەرنى قىممەتلىك جاۋاھراتلارنى تاپشۇرغۇزىدۇ. ئابدۇراخماننىڭ سەرلەپ كۆمۈشلىرىنى تاۋار ـ دۇردۇنلىرىنى ئىشلىتىۋالىدۇ. قاما تېرىسىنى سېتىۋاتىدۇ» دېدى. بىراق تاچى بۇ ئىشنى «ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاچقا» بۇ ئىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ خوتەننى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن گې بېگئېنىڭ «ھاكىم بەگ مەمەت ئىمىننى باھانە قىلىپ پۇل ئۇندۇرۇۋالغانلىقى ھەم ھاكىم بەگ ئابدۇراخماننىڭ تاۋار ـ دۇردۇنلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى، ھەر قايسى شەھەرلەرگە ئات تېرە قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلدۇرغانلىقى، يەنە تىرىلەرنى سولىتىپ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ ساتقانلىقى» قاتارلىق ئىشلار ئېنىقلاندى. شۇنىڭ بىلەن گې بېگئې چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن «پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك جىنايىتى» بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. «خوتەندە قانۇن بويىچە» «گې بېگئېنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈلۈپ، پارا ئالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتىلدى».

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئەنسىزگە چېتىشلىق بولغان باشقا ئەمەلدارلارغىمۇ جازا بەردى؛ ھاكىم بەگ مۇھەممەتئىمىن

قوشۇمچە خوتەن شەھەر ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارلىرى، گېپىنگغا بىۋاستە پۇل مال پارە بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاكىم بەگلىك، ئەمىلى ئېلىپ تاشلاندى ھەم يەركەنگە پالىنىپ ئەمگەك ئارقىلىق جىنايىتىنى يۇيۇش جازاسى بېرىلدى: ھاكىمبەگ ئابدۇراخمان تاۋار - دۇردۇن پۇللارنى ۋاكالىتەن بەرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭمۇ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. مۇداپىئە ئەمەلدارى جىنشۇ خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ گېپىنگغا ئېگىشىپ خوتەندە خىيانەتچىلىك قىلغان. فۇگاۋنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن. ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلدى. بىتىكچىسى گېپىنگنىڭ پارا ئېلىش ئىشىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ يېرىم يىل قاماققا ئېلىندى. ۋاقتى توشقاندا يەكەنگە ئەۋەتىلدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنە ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىندى.

يەكەن خان ئامبىلى تاجى گې بېگئېغا نىسبەتەن پاسسىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىدە بولدى. دېلو ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئېنىق ئاشكارە ئىش بېجىرەلمىدى ھەم ئۇنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇڭا، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇش جازاسى بېرىلدى. تاجى خوتەندە يەرلىكلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە گې فىڭشىننىڭ مەتىمىندىن تاۋار - دۇردۇن پۇل پارا ئالغانلىقى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىن يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىغان. ھەتتا جىنگى گې فىڭشىننىڭ سەرلەپ ئالتۇن كۆمۈش ۋە قىممەتلىك تېرەلەرنى بار ئالغانلىقىنى ئاشكارىلىغاندىمۇ تاجى خوتەنگەن بېرىپ بۇ ئىشلارنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلماي ئەكسىچە يوشۇرغان. . . . تاجى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ

يەركەندە گۇناھىنى يۇيۇشقا ئەۋەتىلگەن③

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۇچرىغان ئەمەلدارلار يەنە، خوتەن لەشكەر بېشى ئامبال جىنگى، يەكەن ياندان ئىش بېجىرگۈچى ئامبال فۇدا ۋە قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى مىڭ لياڭ قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جىنگى قوشۇمچە شەھەردە بىللە تۇرىدىغان كىشى بولۇپ ئىختىيارى كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ. تەكلىپكە بىنائەن يۇقىرىغا مەسلىھەت بېرىدۇ. دافۇ گەرچە كۆزىتىشتىن خالىي بولسىمۇ، لېكىن تەيىنلەنگەن ئەزالار تەرىپىدىن مىڭ لياڭغا دوكلات قىلىنىپ تۇراتتى. قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى مىڭ لياڭ «ھەرقايسى مۇسۇلمانلار شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى مەسئۇلىيىتى بار تۇرۇقلۇق گې فىڭشىنىڭ مۇشۇنداق ئىش قىلىشىغا قاراپ تۇرغان، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىمىغان ھەتتا جىنگى پاش قىلغۇچە ئاشكارلىيالماي يۈرگەن، شۇنىسى ئېنىقكى ئۇ تىنچ كۆنلەردە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن، مىڭ لياڭ قاتارلىقلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئىشلىرى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈلۈشى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق بىپەرۋالىقنى سادىر قىلماسلىقى كېرەك»①

4. ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى يارىتاينىڭ ئاشلىق خىيانەت قىلىش دېلوسى:

جيا چىڭنىڭ 3 ـ يىلى (1798 ـ يىلى) قەشقەر خان ئامبىلى جاڭ لىڭ قاتارلىقلار، ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى يارىتاينىڭ «خۇسۇسىي ساتقان ئاشلىقى 2000 دادەنگە يەتكەن»

، نەتىجىدە يارىتاي «ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ سوراققا تارتىلغان».

قاراشەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاشلىق خىيانەت قىلىش دېلوسى.

5. قارا شەھەر ئەمەلدارى كۆي دۆەنىڭ ئامبارنى قۇرۇقداپ قويۇش دېلوسى.

جيا چىڭنىڭ 10 ـ يىلى (1805 ـ يىلى) مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئەمەلدارى دوكلات قىلىپ، قاراشەھەرنىڭ ئاشلىق ئەمەلدارى چىرىكلىشىپ كەتكەچكە «قاراشەھەردە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى بېجىرگىلى 11 يىل بولغان مەزگىلدە، كەمچىل بولغان ئاشلىق 10 مىڭ سەردىن ئېشىپ كەتكەن»② لىكىنى ئېيتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاتتىق تەكشۈرۈشنى بۇيرۇق قىلىپ، نەتىجىدە تەكشۈرۈپ «چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەمەل تۇتقان ئەمەلدارلار ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش تۇتۇپ خۇسۇسىي ئەسكەرلەرنى ئۆتنە قىلىپ ئىشلەتكەندىن سىرت يەنە سودىگەرلەر، تۇرغۇتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىمۇ خالىغانچە ئىشلەتكەن» لىكىنى ئېنىقلىدى. بۇ چىڭ ھۆكۈمىتىنى ئىنتايىن چۆچۈتىۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «تارىختىن بۇيان ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىش بېجىرگۈچى ئامباللار ئومۇميۈزلۈك جازالاپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. مىڭ شىڭ، ئارتا يىتى، لەي لىڭ، دىلكزابۇ قاتارىقلارغا پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۇقىرىغا قاتتىق تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىشى، بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتا مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزگەندىن سىرت، بۇ ئىش چيەنلۇڭنىڭ 59 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، «جۇ خېنىڭ

بۇ ئىشنىڭ كىملەر ۋەزىپىدە ئولتۇرغاندا يۈز بەرگەنلىكىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەلۇماتنامە يوللىدى. ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىچى لىنباۋ دەسلەپتە مەسلىھە بارلىقى تەكشۈرۈلدى. ئۇ ئۆزى «شۇ يىللاردا پەقەت سوۋغات تەلەپ قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس بولۇپلا قالماستىن يەنە ئاممىۋى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھەرگىزمۇ ئەزا ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىن ئاشلىق تەييارلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق» دەپ جاكارلىدى. بىراق ئەمەلىيەتتە چى لىنباۋ بۇرۇن ئۆزى جىلىڭ شىنىڭ ئۆز ئىچىدە ئاشلىق ئامبىرىنى خىيانەت قىلغىنى بىر تەرەپ قىلمىدى. ھەم قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار بىلە يىغىلىپ قىمار ئوينىدى». چى لىنباۋ «ئىلغا پالىنىپ ئەمگەك بىلەن جىنايەتنى يۇيۇشقا بۇيرۇلدى»⑤ تارىختىن بۇيان ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان ئامباللار ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا يولۇققانلاردىن لەي لىڭ «ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەندىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ ئوخشاش ئەمەلدار بىلەن قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىش جىنايىتىنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى. ئارتا تىيدى «قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت قىلىپ ئەھۋالىنى يوشۇرغىنىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ يۇقىرىغا يوللىماي ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن» «ئەمەلىي ئۈچ دەرىجە چۈشۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى»①

ئىلگىرى ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن دىلكزابۇ «ئىلگىرىكى ئاشلىققا مەسئۇل ئەمەلدارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك» ئامبارنى قەرزگە بېرىپ يۈرگىنىنى بىلىپ

ئەستايىدىل كۆزەتمىگەن ئورنىغا چىك شىباۋنى ئۆستۈرۈپ تەيىنلەپ ئاشلىق ئىئانە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇزدى. ئۇ شۇۋاك شياڭنىڭ پارلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خىيانەتچىلىك ئەللىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.② دىلكزابۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. قاماق جازاسىغا بۇيرۇلدى. كېيىن سوت سىرتىدا تۆھپە كۆرسىتىپ ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ 7 ـ دەرىجىلىك بىتىكچىلىلىق ۋەزىپىگە چۈشۈرۈلدى:

ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبال مىڭ شىڭ «ئۆزى جىڭ شىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى سوۋغا تەقدىم قىلىشنى ھاۋالە قىلدىغاندا ھەممىگە ئاشكارىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلمىغان ھەم قول ئاستىدىكىلەرنىڭ خىيانەتچىلىكىنىمۇ كۆزەتمەي ئائىلىدىكىلەرنى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماي ئالىدىغان» . ئۇ دەسلەپتە ئەمەلىي ئىككى دەرىجە تۆۋەنلىتىلىپ ئىشلىتىلدى»③ كېيىن ئۇ ئارتاشىدىغا ئوخشاش ئىكەنلىكى يەنى «قول ئاستىدىكىلىرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرز بەرگەن ئەھۋالنى ئېنىق بىلىپ ئەھۋالنى يوشۇرۇش، يۇقىرىغا يوللىماسلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى شۇلار بىلەن بىرلىشىپ يوشۇرۇش جىنايىتى» بارلىقىنى يېزىلىپ «ئەمەلىي ئۈچ دەرىجە چۈشۈرۈلدى»④ يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن «فىڭ شىڭنىڭ ئۆزى خىيانەتچىلىك قىلىپ ئەھۋال يوشۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن قوغلىنىشقا توشۇپ قالىمىز. شەپقەت كۆرسىتىپ ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقى» تەكشۈرۈلۈپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ قاماق جازاسى بېرىلدى. كېيىن ئۇ سوت سىرتىدا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمىلى چۈشۈرۈپ 7 ـ بېتىكچى بولدى.

ئاشۇ ئىچىدىكى جىڭشى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ، بۇرۇن ئۇنىڭ ئۇچۇن يالغانچىلىق قىلىپ ئەھۋال يوشۇرغان ئاشلىق ئەمەلدارى بىلەن ۋۇ بۇ جىلىنغا پالىنىپ جاپا - مۇشەققەتلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەكلىپىنى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوللىنىشنى بېكىتتى. كۆپەيتىش مىقدارى تۆۋەندىكىچە:

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامباللار، مەھكىمە ئەمەلدارلىرى، بىتىكچى قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىدىكى پىنسىيە خىراجىتى كۆپەيتىلىدۇ. ئىلى جياڭجۇنىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 3000 سەر بولۇپ يەنە 1000 سەر كۆپەيتىلىدۇ. ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 1000 سەر بولۇپ يەنە 500 سەر كۆپەيتىلىدۇ. ئىلى لەشكەر بېشى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 700 سەر بولۇپ يەنە 200 سەر قوشۇلىدۇ. قۇمۇل ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 700 سەر بولۇپ يەنە 200 سەر قوشۇلىدۇ. قۇمۇل ياردەمچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 400 سەر بولۇپ، يەنە 200 سەر قوشۇلىدۇ.

قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 1500 سەر بولۇپ يەنە 500 سەر قوشۇلىدۇ. قەشقەر ياردەمچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 700 سەر بولۇپ يەنە 300 سەر قوشۇلىدۇ. يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 1100 سەر بولۇپ يەنە 200 سەر قوشىمىز، يەكەن ياردەمچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 700 سەر بولۇپ يەنە 200 سەر قوشۇلىدۇ.

ئوچتورپان ئىش بېجىرگوچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 700 سەر بولۇپ يەنى 200 سەر قوشۇلىدۇ. ئاقسۇ ئىش بېجىرگوچى ئامبىلىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 400 سەر بولۇپ يەنە 600 سەر قوشىمىز. كوچا قاراشەھەر ئىش بېجىرگوچى ئامباللىرى، خوتەن، يېڭىسار، لەشكەر بېشى ئامباللىرىنىڭ ھازىرقى پىنسىيە خىراجىتى 600 سەر بولۇپ يەنە بىر دەك 200 سەردىن قوشۇلىدۇ زەڭگى، بىتىكچى قاتارلىقلارنىڭ تۈز، سەي خىراجەتلىرى بولسا ھەرقايسى ئەمەلدارلار ئۆزىگە ماس ھالدا مۇۋاپىق پىنسىيە خىراجىتىنى ئالىدۇ. مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن تەپسىلىي، شۇ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

زەڭگى، بىتىكچى قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەلدارلارغا پىنسىيە خىراجىتى قوشۇش مەسىلىسى ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. نا يەنچىڭ مەلۇماتىدا مۇنداق دېگەن:

ھەرقايسى شەھەرلەردىكى زەڭگىلەرنىڭ ئەسلىدىكى تۈز، سەي خىراجىتى ھەر ئايدا 15 سەر، بىتىكچىنىڭ ئەسلىدىكى تۈز، سەي خىراجىتى ھەر ئايدا سەككىز سەر، مۇئاۋىن بىتىكچىنىڭ ئەسلىدىكى تۈز، سەي خىراجىتى ئۈچ سەر، مۇسۇلمانلار رايونىدا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر قىممەت، شۇڭا زەڭگىگە ھەرئايدا 10 سەر قوشۇپ بېرىلىسەن. بىتىكچىگە ھەر ئايدا ئالتە سەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. مۇئاۋىن بىتىكچىغا ھەرئايدا ئىككى سەر قوشۇپ بېرىلسە.

# 3ـ باب چىلى سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر رايونىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ـ تۈزۈملەر ھەققىدە تەتقىقات

1. بەگلىك ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار قانۇن ـ تۈزۈملەر.

چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىنلا بار بولغان بىر يۈرۈش مەمۇرى قانۇن نىزاملىرى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنجىتقان دەسلەپكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە خاتىرىلەنگەن «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دېگەن قولىيازمىدا: غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىنلا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، ھەربى قائىدە ـ نىزاملىرى قاتارلىق قانۇن تەرتىپلىرى بار ئىدى» دېيىلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى مۇكەممەل تۈزۈملەرگە سېلىشتۇرغاندا، مۇكەممەللىشىپ بولالمىغان① ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنجىتقان دەسلەپكى مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلىرىنىڭ دوكلاتىدىنمۇ بىر قىسىم ئۇچۇرغا ئىگە بولالايمىز، مەسىلەن، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىل) زەرەپشان ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باش بۇغى شىن چۇنىڭ مەلۇماتىدا ياركەنت ۋەزىيىتى. قۇملۇق بىلەن چىگرىلىنىدۇ. ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز، ئېتىزلارنى سۇغىرىش ئىشلىرىغا مىرشاپ بەگ تەيىنلەنگەن بولۇپ شۇنىڭغا دائىر ئىشلارنى بېجىرىدۇ مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ كونا قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى تەكشۈرگەندە سۇغىرىش ئىشلىرىدا

قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغۇچىلارغا كونكرېت جازا تۈرلىرى تۈزۈلگەن بولۇپ شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەت خىراجىتى تولۇقلىنىدىكەن. ② «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ كونا قائىدىلىرى» دەل ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان مەمۇرى تۈزۈملەرنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىكى بەگلىك تۈزۈمدۇر.

بەگ (بىك، بېگ) بۇ كونا تۈركچە سۆز بولۇپ «ھۆكۈمران» دېگەن مەنىدە①. ئوخشاشمىغان دەۋردە ئوخشاشمىغان مىللەتلەر ئىچىدە مەنىسىمۇ ئانچە ئوخشاشمايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈرك تىلىدا بي ‹بەگ› دېگەن سۆز ئاساسلىقى ھوقۇقدارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بەزىدە مەمۇرى ئەمەلدارلارنى ئاتاشتىمۇ ئىشلىتەتتى.

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە «بەگ بولسا دۆلەت ئورگان خادىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە بولۇپ ئۇنىڭ ۋەزىپە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقى ۋە نازارىتى ئاستىدا ھەرخىل باج ئالۋاڭ - ياساقلارنى يىغىش يەر بىلەن باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ئاتلىرىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش يېزا باشلىقىنىمۇ بەگنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇندىشى كېرەك ئىدى» ②ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «بەگ» دېگەن سۆز دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئەرەب تىلىدىكى «ئەمىرى» (RIME) پارس تىلىدىكى لامىرزا (mirza) دېگەنلەر بىلەن ئارىلاش ئاتىلىپ مىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر مەسىلەن: ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەردە «بەك» دېگەن بۇ سۆز ئەمەلدارلارنىڭ نامىنىڭ كېڭەيتىلىشى بولۇپ «ئۇيغۇرلاردا

ئەمەلدارلىق مەنسەپ تۈزۈمى بولۇپ» بەگ دېيىلىپ بىر قەدەر يۇقىرى مەرتىۋىنى كۆرسىتىدۇ. ③چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرىكى بار بولغان بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر تەپسىلىي مەلۇماتلار يوق. بىراق بىر قىسىم ئالاقىدار مەزمۇنلار بار. مەسىلەن: «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيە ئەھۋالى ھەققىدە» دېگەن كىتابنىڭ 2 ـ تومىدا:

«بەگ بولسا ئەمەلدارلىق نامىنىڭ ئاتىلىشى. بىراق ئۇنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدە پەرق يوق بولمىسىمۇ بىراق قالپىقىدا مەنسەپ دەرىجىسى پېيى يوق بىردىنبىر تەرتىپنى ئۆلچەم قىلىپ مەنسەپكە ئولتۇرىدۇ. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن گەرچە مىڭ مۇئاۋىن دەپ ئايرىلسىمۇ بىراق كىيىملىرىنىڭ رەڭگى تازىم قىلماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرقانداق بەگ چوقۇم مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئاۋۋال مەنسەپ ئۇنۋانىنى ئاۋۋال ۋە ھەرقانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش لازىم. تۈزۈم بىرلىككە كەلمىگەن تۇرۇقلۇق ھەرقايسى بەگلەرنىڭ بېقىش ـ كۈيۈنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمەن، دېيىش يوق گەپ بولۇپ قالامدۇ. خەلقنىڭ كۆچىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. خەلققە بولغان ①بىر تۈرلۈك تىلدىكى ئاتاقلىق مەنسەپ بولۇپ ئوخشاشمىغان تىللاردا ئوخشاشمىغان ئىپادىلىنىش شەكلى بار. مەسىلەن: bag, bak, bek, biy, bi, pig قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئۇلارنى تاڭ دەۋرىدىكى ئورخۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلاردىكى bay bag بولسا ئاقسۆڭەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. «badun» يۇقىرا، خەلق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بىراق بۇ خەت ئەسلى خەنزۇ تىلىدىكى «伯» يەنە قەدىمكى ئىران تىلىدىكى

(bege) (ئىلاھ، روھ) تىن كېلىپ چىققان، تەتقىقاتچىلارنىڭ قارشى بىردەك ئەمەس، فونتىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «伯» خېتىنى تەلەپپۇز قىلغاندا (pek) ، K تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. bag ئەردە bak , لەرنى ئۆز - ئارا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.

بۇ سۆزنىڭ ئىنتوناتسىيىسىدىن قارايدىغان بولساق، كونكرېت دەرىجىسى يوق» بۇ ئۇنى ئىچكىرىدىكى سۈرلۈك ئەمەلدارلىق تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەمەلىيەتتە بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەسىلەن بىر شەھەرنىڭ ئىچىدە دەرىجە يەنىلا مەۋجۇت. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «مۇسۇلمانلار ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەسلىدىنلا دەرىجە پەرقى بار» دېيىلگەن[1] . ئۇنداق بولمايدىكەن مەمۇرنىڭ ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

چىڭ ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىچكى جايلارنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان بەگلىك تۈزۈمىگە قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكىرى جايلاردىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر تەشكىلىي قىسمىغا ئايلاندۇردى.

«غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاقانىمىز غەربىي يۇرتقا كۆيۈنۈپ ياردەمچى ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلدى. «بەگ» ئەسلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، 3 - دەرىجىدىن 7 - دەرىجىگىچە باراۋەر ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە تەسىر كۈچى زور شۇنداقلا ساداقەت بىلەن يۈرگەنلەرمۇ خېلى بار. بىراق سانى ئاز،

---

① تىخونوف: «10 - 14 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» 54 - بەت، مياۋپۇ سىبگىنىڭ «بەگلىك تۈزۈمى تەتقىقاتى» 3 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل

ھەر يەرنىڭ شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، ئىشلارنىڭ ئاددىي مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن ئەمەلدار كۆپەيتىپ ياكى ئازايتىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرگەندە ۋەزىر خالىغانچە ئىجرا قىلىدۇ. ئېنىق بەلگىلىمە يوق» ① جۇڭگونىڭ قەدىمقى مەمۇرى قانۇنىدا ئەمەلدارلار ئەمەلدارلىق ھوقۇقى يۈرگۈزگەندە چوقۇم قانۇنغا ئۇيغۇن ئىسپات، تامغا ۋەزىپىسگە تەيىنلىنىش بۇيرۇقى قەغىزى، ئەمەلدارلىق تامغىسى بولىشى شەرت بولغان بىر خىل قانۇنى تۈزۈمنى شەكىللەندۈرگەن.

مۇسۇلمانلار رايونىدىكى بەگلىك تۈزۈلمىدىكى ھاكىمبەگ بولسا «بىر شەھەردىكى ئامبارنىڭ كاسسىرى، ھۆججەتلەرنى ساقلاش، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن بەگلەرنىڭ قولىدا بۇرۇنلا بار بولغان ئۆز تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدارلىق تامغىسى بار بولۇپ «» غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» «ھاكىمبەگ بولسا بىر شەھەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسگە تەيىنلەنگەن ئادەتتە يەرلىكنىڭ پۇل، ئاشلىق، قوشۇن قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ.

ئىسلامنىڭ كونا قانۇنلىرىدىكى ھەم بارلىق ئۆز ياسىغان خەت بەلگىسى قاتارلىقلارنى يىغىپ، دائىم ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، شەخسىي ئىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسا تەكشۈرۈپ بىكار قىلىۋېتىش كېرەك. بۈگۈن ماڭا مەنسۇپ ئادەتتىكى

---

① «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى» 3 - توم، «29 - ئەمەلدارلىق تۈزۈمى». ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەن، ئەنجانلاردىمۇ بەگلىك تۈزۈمى مەۋجۇت. مەسىلەن: «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» 4 - تومىدا «ھەممە شەھەرلەردە بەگ بار، ھەتتا قوقان شەھەر بېگى ئەردەنىبەگنىڭ نامىنى بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك» دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى» نىڭ 3 - تومىدا خاتىرىلەنگىنى بىلەنمۇ ئوخشاش. مەسىلەن بەگلەرنىڭ «كونكرېت دەرىجىسى بار، تەرتىپ بويىچە تازىمغا ئولتۇرىدۇ.

ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تۈزۈمىم مۇھىم ئارقىلىق ئۆزگىرىدۇ. ئۆزلىرى تامغا ياسىۋالغان بولسا ئۆزلىكىدىن مېنى ئىزدەپ، ئالدامچىلىقنى تۈزىتىشى ، يەرلىكنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئېھتىياجلىق بولۇشى كېرەك. باش ئەمەلدارنىڭ ئۇنۋانى تۆۋەن 3 دەرىجە بولۇپ، خەلق ئىشلىرىنى مۇھىم ئورۇندا قويۇش، ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە ئادىل بولۇش، يەڭگىللەتكەكلىك قىلماسلىق.

ئىچكىرى جايلار بىلەن سېلىشتۇرماسلىق، پادشاھنى ھۆرمەتلەپ ساختا مۇھۆر ئويۇشقا قارشى تۇرۇش بولۇپ باشقۇرۇش ئارقىلىق تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ①

بەگلەرنىڭ قولىدىكى «ئەزەلدىن بار بولغان مۇسۇلمان يېزىقىدىكى نومۇر مۇھۆرنى نەزەردە تۇتقاندا، ھەممە ئۆزلىرى قويۇۋالغان ھەر بىرىگە نام بېرىلگەن، دائىم يالغاندىن ياسىۋالغان ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ چاتاق چىقىرىدىغان» ئەھۋاللارغا نىسبەتەن چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) مەسلىھەتچى ۋەزىر دىۋان بېگى چىڭ ھۆكۈمىتى بەگلەرگە ، موڭغۇل مۇسۇلمان يېزىقى بىلەن قويۇلغان مۇھۆر تارقىتىپ بەردى. ②

چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بەگلەرنىڭ مەخسۇس خىزمەت ئورنىنى ئويلىشىپ، ئۇلار ئۈچۈن يامۇل تەسىس قىلىپ بەردى. «مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھاكىمبەگ قاتارلىق بەگلەر سۇيۇرغاللىق سىستېمىسىغا ئاساسەن ئەسلىدىكى ئۆيلىرىدە ئولتۇراقلاشتى. بەلگىلىمىلەردە كەمچىلىك بولسا تولۇقلاش، پات - پات ئالماشتۇرۇش، مەھكىمىنىڭ خىراجەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا پايدىسى بار. قەشقەر، يېڭىسار، پەيزىۋات، ئاراغول قاتارلىق يەرلەردىكى بەگلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈپ

ئەھۋالغا قاراپ مەھكىمە تەسىس قىلىپ بېكىتتى.

## (1) بەگلىك تەسىس قىلىنىشى

ئەمەلدارلار تۈزۈمى بولسامۇ قانۇننىڭ مۇھىم مەزمۇنى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرئاددىي ـ مۇرەككەپلىكى، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىش پرىنسىپى مەمۇرى ئىشلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان.

«غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ھەرقايسى تەسىس قىلىنغان بەگلىكلەر «سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، ئەمەلىي ئەھۋالى، ئىشلارنىڭ ئاددىي مۇرەككەپلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن»④

چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1961 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن 3 دەرىجىگە ئايرىپ چىققان بولۇپ، ھاكىمبەگ يۇقارقىغا ئاساسەن ئايرىلغاننىڭ بىر مىسال بولۇپ تامغىلىق گۇۋاھنامە بېرىلگەن. ستاتىستىكىغا ئاساسەن مۇسۇلمانلار رايونىدا ھاكىمبەگدىن جەمئىي 31 بولۇپ كونكرېت تۆۋەندىكىلەرگە ئايرىلغان:

ياركەنت، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ 4 چوڭ شەھەر: ئۇچتۇرپان، يېڭىسار، كۇچا، پىچان 4 ئوتتۇرا ھال شەھەر، شايار، سايرام، باي، كورلا، ئوگۇر (بۇگۇر) پەيزىۋات، تاشبالىق، قاراقاش، كېرىيە، يورۇڭقاش، چىرىيە، تاغ، ئاستىن ئاتۇش، ئاراغول، ئۇستۈن ئاتۇش، بارچۇق، يارغول، لوقساق، توقسۇن، قارا (غوجا) (يانخې) كەلپىن قاتارلىق 23 كىچىك شەھەر ①«مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى» نىڭ 1 ـ تومىنىڭ ھەممە يېرىدە مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ھەرقايسى

شەھەر بەگلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالى بولۇپ ئەمەلىيەتتە بىر ھەرىكەتچان جەريان، چۈنكى، «قائىدە ـ يوسۇنلىرى» دا ھەرقايسى بەگلەر تەيىنلەش كۆپەيتىش يۆتكەش ئىشلىرىنى خالىغانچە ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقى② بەلگىلەنگەن «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى» دا بەلگىلىگەنلىكىنى داۋگۇاڭنىڭ 13 ـ يىلى (1833 ـ يىلى) دىن داۋگۇاڭنىڭ 22 ـ يىلىغىچە (1842 ـ يىل) بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋاللاردۇر. چۈنكى «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ يۇسۇنلىرى» بولسا مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە تاماملانغان ھەم تارقىتىلغان.

1. يەكەنگە تەۋە ھەرقايسى شەھەرنىڭ بەگ تۈزۈمى .

يەكەندىن باشقا ئاستىدىكى بېۋاستە قاراشلىق يېزىلار 20 بولۇپ «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ يۇسۇنلىرى» خاتىرىلەنگەن بويىچە جەمئىي 55 بەگ تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ مەرتىۋىلىك بەگ بىر ، تۆت مەرتىۋىلىك بەگ 4 بەش مەرتىۋىلىك بەگ 16، 6 مەرتىۋىلىك بەگ 27، 7 مەرتىۋىلىك بەگ 7 كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك:

بەگلەرنىڭ ئەمەلىگە دائىر مەدەنى يادىكارلىقلارنى تەپسىلىي سېلىشتۇرغاندىن كېيىن دوۋ كوۋ كوۋ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» بىلەن «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ مەزمۇنىنىڭ ئاساسى جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، پەقەت «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە سىپاھ قازى بەگ، لاياقازىبەگ، خاسېدبەگ، كىتىۋار بەگ، ئاتاقچى بەگلەرنىڭ كەملىكىنى مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن. ئىرغاچى بەگ، ئالتۇن بەگ،

مىس بەگ، قالار بەگ، ھەر ئىككىلىسىدە يوقلۇقىنى، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتتىكى ئۇخشاش تىللىقلار تەزكىرىسى»، «مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق 16 خىلى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئومۇملاشقان بەگ ئەمەللىرى ئىكەنلىكىنى، «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە-نىزاملىرى» دىكى بولسا يۇقارقى 4 خىل يازما يادىكارلىقى ئاساسىدا باتىرىلەنگەن شۇڭا ئۇنى مۇكەممەل ماتېرىيال دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ① سىپاھ قازىبەگ، لايا قازىبەگلەرنىڭ ناملىرى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە كۆرۈلگەن بولسىمۇ بىراق كىتابتا ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئەمەلىي مەنسەپلىرى خاتىرىلەنمىگەن چۈنكى، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بېكىتىلگەن بولۇپ ئەمەلى ۋەزىپىسى يوق ئىكەنلىكىنى شەرھىلىدى.

بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ ئىككى خىل بەگ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ئەمەلدار تەيىنلىمىگەنلىكىنى بېكىتتى.

ئاپتورلار زۇكۇتورنىڭ تەتقىقاتىغا دائىر بىر نەچچە نۇقتىنى تەكىتلەش كېرەك دەپ قارىدى. ئاۋۋال چىڭ سۇلالىسىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدىن بايقالغان ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ تۈرى 35 خىلدىن ئېشىشى مۇمكىن. ئېلىمىز تەتقىقاتچىسى مياۋ فۇشېڭنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار رايونىدا جەمئىي 37 تۈرى بار كۆپ ئۇچرايدىغان ئىككى خىلى مۇقتاب بەگ بىلەن چۇنچيۇب بەگ، ئالدىنقىسى بولمىسا مەخسۇس بالىلارغا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆگەتكۈچى شۇنداقلا ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى،

كېيىنكىسى بالىلارغا مەخسۇس دەستۇر ـ كالاملارنى ئۆگەتكۈچى شۇنداقلا ئىسلام دىنى مەكتىپىدىكى يۇقىرى يىللىقلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ④ئاپتورلار بەگلەرنىڭ تۇرلىرىدە يەنە يېڭى بايقاشلارنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلدى. مەسىلەن: «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دېگەن كىتاب يېقىنقى يىللاردىكى يېڭى بايقالغان يازما يادىكارلىق بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ 2 ـ توم «ئەمەلدارلىق تۈزۈمى» دە ئۇيغۇرلار بەگلىرىنىڭ 31 خىل ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئىچىدە قازىبەگنىڭ نامى 3 يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، دۇكا بېگىنىڭ ئىسمى بىر يەردە تىلغا ئېلىنغان. شۇڭلاشقا ئەمەلىي خاتىرىلەنگىنى 31 خىل.

34 خىل بەگ نامى ئىچىدە نەچچە خىلى بولسا يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن يازما يادىكارلىقلاردا تىلغا ئېلىنمىغان. مەسىلەن: قازىبەگكە دائىر بۇ كىتابتا «شىپى قازى» ، «قارا قازى» ، «لايا قازى» دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ بۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئەمەلدارلىرىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى قازى بەگنىڭ ئەڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈشى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «قارا قازى» باشقا يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنمىگەن، يەنە « 27 ـ ئورۇندىكى ۋى» كاڭ بەگدۇر. مەخسۇس ئۆتەڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۆتەڭ، لەنگەر (پوچتا بېكىتى) ، قاراۋۇلخانىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلار قارا دۋان بېگى، جىبو، شىغاۋۇللار بولۇپ بۇ ئۈچ خىل بەگ «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» تىلغا ئېلىنغان، شۇڭلاشقا ۋېيكاڭ بەگ بولسا ئۇلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان بىر خىل بەگ، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە»

خاتىرىلەنگەن ھەرقايسى بەگلەرنى تەكشۈرگەندە ئۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان ھەم 6 - دەرىجىلىك مەنسەپ تەرتىپى بېرىلگەنلىكى يېزىلغان.

ئۇنىڭدىن قالسا «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» ئاساسەن ئاپتورلار خاتىرىلەنگەن بەگ نامىغا دائىر مەلۇماتلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاز، بىراق ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن خان تەستىقلىغان، قانۇنىي خاراكتېرگە ئابرۇيغا ئىگە يادىكارلىق دەپ قارىدى.

«مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» بەگ تۈرلىرىگە دائىر مەزمۇنلار «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، «مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» دىكى مەزمۇنلار بىلەن ئالاقىدار بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار رايونىغا شەكىللەنگەن ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» نىڭ 2 - تومىدا خاتىرىلەنگەن بەگ ئەمەلدارلارنىڭ نامى بىلەن 1 - تومىدىكى ئەسلى بەلگىلىنىپ خاتىرىلەنگىنى ئاساسىي جەھەتتىن ماس كېلىدۇ. يەنە كېلىپ «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» دا خاتىرىلەنگىنى داۋگۇاڭ يىلى ئىچىدە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلىي تەيىنلەنگەن بەگلىرىدۇر.

ئۈچىنچى: زوۋكوۋتۇلپان قازىبەگ، لايا قازىبەگنىڭ ناملىرى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە كۆرۈلگەن بولسىمۇ بىراق كىتابتا ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئەمىلىرى مەنسەپلىرى خاتىرىلەنمىگەن دەپ چۈنكى ئۇلار چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بېكىتىلگەن بولۇپ ئەمەلىي ۋەزىپىسى يوق دەپ قارىغان. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ ئىككى خىل بەگ چىڭ سۇلالىسىنى مۇسۇلمانلار رايونىدا ئەمەلدار بېكىتىلمىگەنلىكىنى

تېخىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن هالدا تونۇدى① بىراق شىچىڭ، چاۋ چىڭ «بۈيۈك چىڭنىڭ مۇراسىم خاتىرىلىرى» نىڭ 74 ـ تومى «مۇسۇلمانلار قائىدە ـ نىزاملىرى» نىڭ 1 ـ تومى.

«غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» نىڭ 2 ـ تومىدا ياركەنتتە 5 ـ دەرىجىلىك لايا قازى بېگىدىن بىرسى 5 ـ دەرىجىلىك سىپاھ قازىبەگدىن بىرسى تەيىنلەنلىكىدىن بۇ ئىككى خىل بەگنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيىنلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەھلىللەرگە ئاساسلانغاندا «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى» يېزىلغان ۋاقىت دەل چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىل) غىچە② بولۇپ چىڭ ھاكىمىيىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە لايا قازىبەگ ۋە سىپاھ قازىبەگلەرنى تەيىنلىگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» يىغىندا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، زۇۋكۇۋتو بۇ ماتېرىياللارنى كۆرمىگەن. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە كەلسەك ئېمىشقا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككىسى ياركەنتتە تەيىنلەنگەنلىكى ئانچە ئېنىق ئەمەس. ئوخشىمىغان بەگ ئۇنىڭ قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن ئەمەلى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. تۆۋەندە ئاپتور «مۇسۇلمانلار قائىدە ـ نىزاملىرى» ۋە باشقا يازما يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىپ بەگ ئەمىلىنىڭ تۆرگە ئايرىشىنى مۇلاھىزە قىلدى.

## 1. مەمۇرى باشلىق تۈرى:

ھاكىمبەگ: «ھاكىم» ئەرەبچىدىكى rlakim دېگەن سۆز بولۇپ، «ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، سوتچى، باش تەپتىش دېگەن مەنىدە بولۇپ بۇ سۆز تۈركچىدىن قوبۇل قىلىنىپ باش

ھەرپى Hتەلەپپۇز قىلىنىماي akim گە ئۆزگەرگە. بۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى ئەمەلداردۇر. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق شەھەر يېزىلاردىكى چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرىدۇ دېيىلگەن «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ۋەزىپىسى جاپالىق، بارلىق بەگلەرنىڭ كاتتىسى» دېيىلگەن. ①«غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەڭ كاتتا كىشى. ئۆلتۇرۇش ياكى ھايات قالدۇرۇش ھوقۇقى بار. ھەممە ئىش شۇنداق بولسۇن② بۇ دەل مۇسۇلمانلار دەۋرىدىكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى چىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھاكىمبەگنىڭ قولىدىكى ھوقۇق دائىرىسى ناھايىتى تارتىپ كەتتى. بۇ نۇقتىسى بۇ كىتابنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 1 ـ بابىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» نى تەكشۈرگەندە ھاكىمبەگنىڭ مەرتىۋىسى 3 ـ دەرىجىدىن 5 ـ دەرىجىگىچە بولۇپ ھوقۇق دائىرىسى ۋە ئورنى ئوخشاش ئەمەس.

«بىر شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى شۇ تەۋەلىكتىكى تارماقلارنىڭ ئىش بېجىرگۈچى چۈشۈرۈپ بولۇپ باشقۇرىدۇ»③ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەرەىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ھوقۇقىمۇ ئوخشاش ئەمەس. «بىر شەھەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىغا مۆھۈر بىلەن بەرگەندىن ئۇ شۇ تەۋەلىكتىكى بىر قىسىم ھاكىمبەگلەرنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بولۇپ ئىدارە قىلىش ياكى مۆھۈر بىلەن بېرىلمىگەنلىرى ئايرىلىقنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى دائىرىسىدە بولىدۇ»④

ئىشىك ئاغا بەگ: بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردا ئىشىك ئاغا دېيىلگەن. بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسىگە دائىر «غەربىي

يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەتقىقاتى» دا خاتىرىلىنىشىچە «ئىشىك ئاغا. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز» . ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە پەقەت ھاكىمبەگنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان ئەمەل بولۇپ «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرىدا ئۇنىڭ ئەمىلى بولسا «ھاكىمبەگنىڭ ئىش بېجىرىشىگە ماسلىشىشتۇر. »

بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردا ئۇ «ھاكىمبەگنىڭ مۇئاۋىنى»⑥ چۈنكى ھاكىمبەگنىڭ مەرتىۋىسى بولسا 3 - دەرىجىدىن 5 - دەرىجىگىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇش بىلەن ئىشىك ئاغانىڭ دەرىجىسى تۆۋەن 1 - دەرىجە بولۇپ 4 - دەرىجىدىن 6 - دەرىجىگىچە ئەمەلدار بولىدۇ.

## 2. ئاشلىق، ئالۋاڭ - ياساق باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خەزىنىچى بەگ.

«غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەرنىڭ تەزكىرىسى» دە «ئۇيغۇر تىلى، خەزىنە، ئامبارچى، مۇھاپىزەتچى دېيىلگەن شۇڭلاشقا بۇ بەگنىڭ ئەمىلى بولسا «ئاشلىق باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش»تۇر. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» دا ئۇنىڭ ئەمىلى بولسا «ئامباردىكى ئاشلىق پۇل - ماللارنى باشقۇرۇش دېيىلگەن بولۇپ، باشق ايازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگىنى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش.

بۇ بەگنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى 4 - دەرىجىدىن 6 - دەرىجىگىچە بولىدۇ.

شاڭ بەگ: غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» 尚 ، دەپ يېزىلغان بولۇپ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە كەلسەك تەتقىقاتچىلارنىڭ قارشى بىردەك ئەمەس. ①

«مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا شاڭ بېگىنىڭ ئەمىلى بولسا ناھايىتى يېقىن بولۇپ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئالدىنقى «يەر بېجى يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ» كېيىنكى «غەللە پاراقلارغا يىغىشقا مەسئۇل» دېيىلگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئاسانلىقچە ئايرىغىلى بولمايدۇ. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە قارىقۇيۇق ھالدا «يەر بېجىنى يىغىشقا خەزىنىچى بەگ بىلەن شاڭ بېگى مەسئۇل» ئىكەنلىكى يېزىلغان. ② مىڭ بېگى ھەتتا مىراپ بېگىمۇ ئاشلىق بېجى يىغىشقا مەسئۇل شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن پەرقلەندۈرمەك ئىنتايىن قىيىن، زوكوۋتو خۇلاسىلەپ «مىڭ بېگى، مىراب بېگى، (باج يىغىشقا مەسئۇل شۇڭا خەزىنىچى بەگ تەسىس قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس. دېگەن، بىراق بۇ نۇقتىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولمايدۇ» ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم تەسىس قىلىنغان ئاساسىي قاتلام بەگلىرىدە گەرچە ئەمەل نامى بولسىمۇ بىراق باج سېلىق يىغىش بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان ئەمەلىيەتتە شۇ تۇردىكى ئىشلار ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

مىڭ بېگى: «مىڭ ming» ئالتاي تىللىرى سىستېمىدىكى بىر قىسىم ئورتاق تىل بولۇپ ئۇنىڭ مەنىسى مىڭ ( 千 ) شۇڭلاشقا مىڭ بېگى مىڭ ئادەمنىڭ باشلىقى. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا مىڭ بېگى «مىڭ ئادەمنى باشقۇرىدۇ» ئۇنىڭ مەرتىۋىسى 6 ـ دەرىجىدىن 7 ـ دەرىجىگىچە بولىدۇ دېيىلگەن.

يۈز بېگى: «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى دە «يۈز ئۇيغۇرچە يۈز (100) دېگەنلىك» دېيىلگەن شۇڭلاشقا يۈز بېگى ئادەتتە يۈز ئادەمنىڭ باشلىقى

«مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» يۈز بېگىنىڭ ئەمەلى «يۈز ئادەمنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. يۈز بېگى بولسە ئەڭ تكۆەن قاتلامدىكى بەه بولۇپ «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» كورلىدا، بۇگۇردە يۈز بېشى تەيىنلەنگەن بولۇپ مەرتىۋىسى 7 ـ دەرىجە بولىدۇ دەپ يېزىلغان.

ئولىن بەگ: «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا بۇ بەگنىڭ ئەملى «10 ئادەمنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن.

ئولىن (يەنە ئورن) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن بولۇپ تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ مەنىسى يېقىن، قوشنا دەپ قارىدى. بىراق ئاپتور بۇ سۆزنى dci كەلگەن دەپ قارايدۇ. بۇلار 14 ـ ئەسىردىكى كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللار جەمئىيىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئاساسى ئەملى خەۋر يەتكۈزۈش يايى قاتارلىقلار ئىدى. ئۇ بولسا پومېشچىكنىڭ قۇلى (inag) كىتابتا بايان قىلىنغان ئەملىدىن سىرت ئۇنىڭ يەنە قانۇن ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى. dci ـ موڭغۇل كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى ئورنى بىر ئاز تۆۋەن ئەمەل بولۇپ، بۇ ئولىن بەگنىڭ ئەملى بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. «10 ئائىلىلىكنىڭ ئالۋان ياساق ـ باجلىرىنى يىغىش مىڭ بېگى بىلەن يۈز بېگىنىڭ باشچىلىقى ئاستىدا» ② ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مەمۇرى ئورۇننىڭ باشلىقى.

بۇلار ئاساسي قاتلام ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگ بولۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەمەل بولسا ئالۋاڭ ياساق بېجى يىغىشتۇر.

«غەربي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» نىڭ 2

ـ تومىدا: مىڭ بېگى «1000 ئادەمگە باشچىلىق قىلىدۇ. مەخسۇس شۇ تەۋەلىكتىكى ئالۋاڭ ـ ياساق بېجى يىغىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ 37 ـ تومىدا: يۈز بېگى «يۈز ئائىلىلىكنىڭ بارلىق ئالۋاڭ ـ ياساق باجلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل» دېيىلگەن

«غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە: ئولىن بېگى «10 مىڭ بېگى، يۈز بېگىنىڭ باشچىلىقىدا 10 ئائىلىلىكنىڭ ئالۋاڭ ـ ياساق بېجىنى يىغىشقا مەسئۇل دېيىلگەن»③ بۇ خىل ئاساسىي قاتلامدىن ئالۋاڭ ياساق بېجىنى يىغىشتا ئەر يەنە ئەرباب بەگمۇ بار.

ئەرباب بەگ: «مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن ـ نىزامى» دا: ئەمىلى: «جازالاش ۋە جازانى ىجرا قىلىش بەلگىلىنىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «جازالاش كەچۈرۈم قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ (شۇنداقلا ئۆز تەۋەلىكىدىكى يېزىلارنىمۇ باشقۇرىدۇ) دېيىلگەن. ) «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» دىكى كۆز قاراش ۋە «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» ) بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمىلى «باج تاپشۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالايدۇ. ھەم باشقا ئاربلاشقا خىراجەتلەرنى يىغىشقا ياردەملىشىدۇ. دېيىلگە. ئەرباب دېگەن سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسگە دائىر «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە «پارسچە سۆز بولۇپ، ئەر يىخشون، باب ئالاقىدار سۆز بولۇپ شەھەر يېزىلاردىكى ئىشلارغا ئەۋەتىلىدۇ» دېيىلگەن. «پارس» بولسا پىرتسىيە تىلىدىكى «farsi» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداشتۇر.

زۇكۇتۇ «arbab» ئەرباب تىل سىستېمىسىدىكى «arbab» نىڭ تەكرارلانغان شەكلى دەپ قارىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىران تىلىدىكى مەنىسى خوجىدار، پومچىك، يېزىغا چۇشۇرۇلگەن ئاقساقال دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە باشلىق، يېزىغا چۇشكەن ئاقساقال، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، شەھەر ئەمەلدارى، باج ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ①ئاپتور زۇكۇتۇنىڭ چۇشەندۇرۇشىنى قوللايدۇ. ئەگەر بىرتىسيە لۇغىتىنى ئاقتۇرۇپ قارايدىغان بولساق بىز بىرتسيە تىلىدا rab دېگەن سۆزنىڭ تەكرار شەكلىنىڭ (arbab) بارلىقىنى بىلەلەيمەن. بۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز. بىرتسيە تىلىدا يەنە بىر قاتار arbab دېگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى پومېشچىك، غوجام، پومېشچىكنىڭ ئىجارىنى يىغىش دېگەنلىك② پۇقرالاردىن پومېشچىكنىڭ ئىجرا ھەققىنى يىغىش، جازالاش، جازانى كەچۇرۇم قىلىش ئېنىقكى بۇ خىل ئۆزگىرىش يەنىلا باغلىنىشلىق.

## 3. مالىيە، باج ۋە بازار باشقۇرۇش ئەمەلدارى

مۇتىۋەللى بەگ: چىڭ دەۋرىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئەمىلى ھەققىدە خاتىرىلەنگىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولۇپ، ئۆي - تۇرالغۇغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بېجىرىدۇ. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئولتۇراق ئۆيلەرنى ئېلىپ سېتىش، باج توپلاشقا مەسئۇل» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك

جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» دە مەخسۇس ئۇلتۇراق يەرنى ئىلىپ سېتىشنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مەنپەئىتىنى باشقۇرۇش بىلەن ئوخشمايدۇ.

كوكياربەگ: بوخىل بەگنىڭ مەنسىپىگە دائىر بايانلار چىڭ سۇلالىسى يازما يادىكارلىقلىرىدا خاتىرىلەنگەن. سىڭدا بېجى يىغىشقا دائىر ئىشلار بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ۋە سودا سېتىق بېجىنى يىغىشقا مەسئۇل» دېيىلگەن.

«غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «سودا بېجىنى يىغىش كوكيارلىق بېگىنىڭ ۋەزىپىسى» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا «سودا بېجىنى يىغىشقا مەسئۇل» دېيىلگەن. يەنە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، بۇ بەگنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشتىن سىرت مەسىلەن: «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە كوكيارلىق «ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇل تىلىدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن سىرت، بارلىق پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دە «سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنى باشقۇرىدۇ ھەم ھاكىمبەگنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خىلمۇ خىل ئىشلارنى تەڭشىگۈچى» دېيىلگەن. روسىيىلىك كىروپاتكىنمۇ بۇ خىل بەگ دۆلەتنىڭ تاشقى سوممىسىنى باشقۇرىدىغان ئادەم دېگەن ①

باجگىر بەگ: baj پارسچە مەنىسى «تارتۇقلىماق، سېلىق تۆلىمەك باج، باج تاپشۇرماق،» بولۇپ، bajgir مەنىسى «باج يىغقۇچى، سېلىق يىغقۇچى» ② دېگەنلىكتۇر.

شۇڭلاشقا باجگىر بەگ باج يىغقۇچى ئەمەلدار، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا bajgir مۇ باج يىغقۇچى، باج ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنىدە.③ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، «باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا «باج ئىشلىرى نازارەتچىسى» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ «جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» سودا ـ سېتىق باجلىرىنى يىغقۇچى ئەمەلدار» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ «بازار باھاسىنى تەڭشەش» ۋەزىپىسى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

سەدىر بەگ: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە« 赛持里 » دېيىلگەن. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە« 赛衣持里 »، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى» دا« 色伊德尔 » دېيىلگەن. بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسىگە دائىر «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر خاتىرىسى» دە، «پارسچە، سەت، يۈز چاقىرىم ئىچىدىكى يول دېيىلىدۇ. يول ياساش ۋەزىپىسى بار. «شۇنداقلا قوماندان» دەپ ئىزاھلىنىدۇ.

زوكۇتۇ بۇنى پارس تىلىدىكى sadar قوماندان دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. چىڭ سۇلالىسى يازما يادىكارلىقلىرىدا بۇ بەگنىڭ ئەمەلىگە دائىر خاتىرىلەردە ئاز تولا پەرقلەر بار. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «كۇچا، باغ ـ ۋارانلارنى چارلىغۇچى» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «يول چارلاپ ئامانلىق ساقلىغۇچى» دېيىلگەن. باشقا يازما يادىكارلىقلاردا «سودا ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: يۇقىرىدا دېيىلگەن «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا «شەھەرنى تىنتىپ ئىلتىپاتلارنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن.

كېيىنكى، «شەھەرلەرنى تىنتىپ ئىلتىپاتلارنى باشقۇرىدۇ» دېگەن مەلۇمات «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» ۋە «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا ئوخشىتىپ كېتىدۇ.

بازار بەگ: «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە نىزاملىرى» دا «بازارنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى» دا خاتىرىلەنگەن «مىرزار» بەگ:

31 ـ ئورۇندا تۇرغۇچى مىرزار بەگ، مەھكىمىسىنىڭ پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىنى كۆزىتىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

«مىرزار» ئېنىقكى «مىربازار» نىڭ كەم يېزىلىشى، مىر Emir بولۇپ مەنىسى ئەمەلدار، شۇڭلاشقا «مىربازار» ئەمەلىيەتتە بازار بەگ» بەلكى بىر خىل يېڭى بەگ نامى ئەمەس.

## ئەدلىيە ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا مەسئۇل ئەمەلدارلار.

ئەدلىيەگە مەسئۇل ئەمەلدارلار ئاساسلىقى قازى سىستېمىسى ئىچىدە بولۇپ جەمئىيەت ئامانلىقىغا بەگلەردىن پاششاپ بىلەن دورغىنى بار.

قازى ئەرەپ تىلىدىكى q ā dī نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. «ئىسلام دىنىدىكى قانۇن ـ قائىدىلەرنى چۈشەندۈرگۈچى» دېگەن مەنىدە، پارس تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، سۆز شەكلىدە ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئەرەب تىلىدىن پەرقلىنىدۇ. حى ھەرپى (d) تەلەپپۇزدا [d] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق پارس تىلىدا [Z] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

بۇ پەرق q ādī بۇ سۆزنىڭ جۇڭگو يازما يادىكارلىقلىرىدا

ئوخشىمىغان تەرجىمىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەرەب تىلىغا ئاساسەن قادى دەپ تەرجىمە قىلغان. «ئۇلۇغ زەپەر قىرغىقىدىن نەزەر» دە «جادى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ① مىڭ، چىڭ خۇيزۇ تەتقىقاتچىلىرى پارس تىلىدىن «嗄最»، «嗄锥»، «嗄尊» دەپ تەرجىمە قىلغان. چىڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت يازما يادىكارلىقلىرىدا «قازى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. قازىبەگ: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇ «بارلىق جىنايى قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل دېيىلگەن.

«مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا ئاددىي قىلىپ «جىنايى ئىشلار رەئىسى» دېيىلگەن. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى 5 ـ دەرىجە، 6 ـ دەرىجە، 7 ـ دەرىجە بولۇپ كۆپ ھاللاردا 6 ـ دەرىجە بېرىلىدۇ.

سىپاھ قازىبەگ: لى كوۋكى Sipah Bag دەپ تەرجىمە قىلغان. SIPah 6P② پارس تىلىدا ھەربىي قوشۇن، ئەمەلدار دېگەن مەنىدە، ①شۇڭلاشقا «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ بەگنىڭ ئەملى «ئەرز ـ شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاقساقال» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا «ئەرز ـ شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاجرىتىلغان مۇسۇلمان ئاقساقال» دېيىلگەن. بۇ بەگنىڭ مەرتىۋىسى 5 دەرىجە بولغان

رايا قازىبەگ: رايا ئەرەبچىدىكى rayyat نىڭ كۆپلۈك شەكلى raya نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. مەنىسى «ئاۋام، پۇقرا» دېگەنلىك. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭ «خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئەرز ـ شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەمەلدار» ئىكەنلىكى يېزىلغان. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى» دا «مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەمەلدار»

دېيىلگەن. بۇ بەگنىڭ مەرتىۋىسى 5 ـ دەرىجە بولغان.

پاششاپ بەگ: ئادەتتە 7 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋىدە بولۇپ، «غەربى يۇرت تەزكىرىسى» دە «بۇنىڭ ئەمىلى «ئەل ئىچىدىكى بۇزۇق ئوغرىلارنى تۇتۇپ قامايدىغان ئەمەلدار» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلار قائىدە ـ نىزاملىرى» دا «بۇزۇقلارنى قاماش ھەم تۈرمە باشقۇرۇشقا مەسئۇل» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دە بۇ ھەقتە بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بولۇپ، «شەھەر كوچىلىرىنى چارلاش، ئوغرى ـ قاتىللارنى قاماش (قاراقچىلارنى باستۇرۇش، تۈرمىلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئەمەلدار) دېيىلگەن. شۇڭلاشقا پاششاپ شەھەر ئەمەلدارى، پاششاپ يەنە پاششاپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىگە دائىر «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ 12 ـ جىلدىدا پاششاپ پارسچە چاچ ـ ئاقساقال دېگەن مەنىدە، شاپ ـ كېچە.

ئۇ كېچىسى تۈرمىلەرنى چارلايدۇ» دېيىلگەن. پارسچەshab نىڭ مەنىسى كېچە كەچقۇرۇن دېيىلگەن. بىراق «چاچ» نىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ قارشى بىرزەك ئەمەس، تەيۋەنلىك تەتقىقاتچى لىيۇ يىتاڭ «چاچ» تۈركچىدىكى pasha دېگەن سۆز بولۇپ «پاشا» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەنىسى: «باشلىق رەھبەر» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارىغان. ئېلىمىز تەتقىقاتچىسى مياۋ فۇشېڭ «چاچ» پارس تىلىدىكى «paza» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ «مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچى» دېگەن مەنىدە دەپ قارىغان. ئاپتور ئالدىنقى قاراشقا قوشۇلىدۇ. ②

دورغا بەگ: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «مۇسۇلمانلار قائىدە ـ نىزاملىرى»، «بۈيۈك چىڭنىڭ مۇراسىم خاتىرىلىرى»

قاتارلىقلاردا «دورغا بەگ» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ مەنسىپى «هاكىمبەگنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئەمەلدار»③ دېيىلگەن. بىراق «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» دە «达鲁罕»، «达鲁干» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

چىڭ ئۇردىسى خاتىرىسى» دە يەنە ئىلگىرىكىدەك «多尔瓜» دەپ يېزىلغان①، «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئۇنىڭ ئەمىلى «ئەرز شىكايەتنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ئەمەلدار» دېيىلگەن. بۇ ھەقتە «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» ئەڭ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «يۇرتتىكى قاچقۇن، ئوغرىلارنى تۇتۇش، خىيانەت قىلغانلارنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، لۇكچۇن، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا دورغا بەگ تەس قىلىنغان، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى 7 - دەرىجە بولۇپ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەلدارغا مەنسۇپ، لى كوۋكى نىڭ بېگى بىلەن «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» ماس كېلىدۇ. ئۇ «تۇرپاندا شەھەر باشلىقى بىلەن بىر تۇردىكى شەخس» بولۇپ، كۇچا، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە يامۇلدىكى تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرك ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن.

بەگ سىستېمىسىدىكى بۇ ئەمەلدارلارنى يەنە بىر قەدەم تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چىڭ دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دە قازى (قاس) بەككە دائىر خاتىرىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن پەرقلىنىدۇ، بۇ بىزنى بىر قىسىم قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

5 - ئورۇندىكى قازىبەگ: مەخسۇس ئەل ئارىسىدىكى جىنايى

ئىشلارنى پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش، توپىلاڭ كۆتىرىش، قاچقۇنلارنى يۇشۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

شىپى قازى: قازى بېجىرمىگەن باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

قارا قازى: چارلاش، جەڭ قىلىش، ئوغرىلىقچە قاچقانلارنى تۇتۇپ جازالاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى بېجىرىدۇ».

رايا قازى: مەخسۇس يۇقىرى تۆۋەن ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشەلمىگەن ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش، قازىغا ياردەملىشىپ كىچىك تىپتىكى جەڭ قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. ③بۇ ئابزاستىن بىز قازىبەگنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى «خەلق ئىچىدىكى جىنايى ئىشلار، پىتنە ئىغۋا تارقىتىش، توپىلاڭ كۆتىرىش، قېچىش، يۇشۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىشكە مەسئۇل» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. قازى نەبۇت 7 ـ خىلى بولۇپ، ئەمەلي 4 ـ دەرىجىدىن بىر ئاز يۇقىرى بولغىنى «قازى»، ئورنى تۆۋەنرەك بولغىنى سىپاھ «شىپى» قازى، قارا قازى ۋە رايا قازىلاردۇر. كونكرېت ئايرىلىشى «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دىكى مەلۇمات «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» بىلەن «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دىكى مەلۇماتقا ئانچە ئوخشىمايدۇ. مېنىڭچە «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دە خاتىرىلەنگىنى چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال بولۇپ، بۇ بەگلەرنىڭ مەنسىپى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دە خاتىرىلەنگەن بەگلەرنىڭ ئەمىلىنىڭ بىر قىسمى ھەربىي ئەمەلگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ئېنىقكى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن بۇرۇنقى

ئىشلارغا تەۋە، بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلار رايونىدا ئەزەلدىن «جەڭ قىلىش ھەربىي قانۇنى» بولۇپ، دۈشمەنلەر چېگرىنغا باستۇرۇپ كىرىشتىن بۇرۇن جەڭ تەييارلىقى كۆرۈش، كىشىلەرنى زىچ توپلاپ قاچقان، يوشۇرۇنغان، ئوغرىلىق قىلغان، پىتنە ـ ئىغۋا تارقاتقان، توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنى قارا قازى پاشىشاپ قاتارلىقلار بۇيرۇپ، پەرمانلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل دېيىلىدۇ. سوفى: يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاپىزەت ئەمەللىرىنىڭ بىرى. سوفى شىپى دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرىكى قازىبەگنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم بەگ ـ ئەمەلدارلار جىددىي ئەھۋالدا ھەربىي پەرمان تاپشۇرۇۋالغاچقا بىر قىسمىنىڭ ئاساسلىق ھەربىي مەسئۇلىيىتى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن، بەگلەرنىڭ قولىدىكى ئەمەللىرى قارا قازى قاتارلىق بەگلەر ئەمەللىرى يوقالغاندەك تەبىيلا يوقىلىپ كەتتى.

بۇ خىل قازىبەكلەرگە ئالاقىدار بىر مەسىلىگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بەگلەر ئىچىدىكى قازى بەگنىڭ دىنى ئاتىلىشى «قازى ئاخۇن». ئۇنىڭ ئاتىلىشى گەرچە ئەرەپچىدىكى «qaziقازىqādi» دېگەن سۆز بولسىمۇ، بىراق ئىشلىتىلىشى ئوخشىمايدۇ. قازىبەگ چىڭ سۇلالىسى بېكىتكەن يەرلىك مەمۇرى ئەمەلدارنى بىلدۈردۇ، ئاخۇننى بىلدۈرمەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قازى (كادى qādī) ئەسلىدە ھۆكۈمرانلىققا تەينلەنگەن ئىسلام دىنىنىڭ سوتچىسى بولۇپ، كونكرېت سوت مەمۇري جەھەتتە ئىككى تەرەپلىمىلىك سالاھىيەتكە ئىگە، كېيىن ۋەزىيەتكە ئاساسەن بىر قىسمى پەقەت

كىشى سالاھىيىتىگە، يەنە بىر قىسمى مەمۇري ئەمەلدارلىققا ئۆزگەرگەن. تارىختا خاتىرىلىنىشچە، يەكەن خانلىقىدىكى ئابدۇللا خان (مىلادىيە 1667 ـ 1638/39) ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، يەرلىكنىڭ مەمۇرى ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە قازى تەسىس قىلغان دېيىلگەن①. چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە قازىبەگ ئاللىقاچان مەمۇرى ئەمەلدارغا ئۆزگىرىپ مۇسۇلمانلار مەسچىتىدىكى قازى ئاخۇن بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يوق بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاخۇننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى قاتتىق چەكلىگەن، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىل) ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىشلىرىدا «ھاكىمبەگنىڭ پەرمانى بويىچە بېجىرىلىدۇ، ئاخۇننىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ① داۋگۇاڭنىڭ 9 ـ يىلى (1829 ـ يىل) قايتا «ئاخۇن پەقەت ئۆزىنىڭ دىنى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ» ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. «ئاخۇننىڭ پەرزەنتلىرىدىن خىزمەتچىلىككە ياكى بەگلىككە قويۇلغانلىرىنى ئاخۇنلۇققا② قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ تولۇقلانغان.

## 5. سۇ، باغ ـ ۋاران ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

مىراب بەگ: مىراب پارسچە، چاغاتايچىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، (mirābbak) نىڭ ئىچىدىكى mir ئەرەبچىدىكى Amir نىڭ قىسقارتىلما شەكلى. مەنىسى ـ ئەمەلدار يەنە «ئەمىر، يىمى» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ. āb پارسچە مەنىسى سۇ

دېگەنلىك. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «مىراب بەگ سۇ ئىشلىتىش، ئۆستەڭ چېپىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» دا «سۇ ئىشلىرىنى، ئۆستەڭ چېپىش، سۇغىرىش قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» دە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆستەڭ چېپىش، سۇ ئىنشائاتى، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ» دېيىلگەن. شۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دىمۇ مىراب بەگنىڭ «پۇقرالارنى باشقۇرۇش» تەڭ كېيىنكى ۋەزىپىسى كۇنسېرى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، مىراب بەگنىڭ مەرتىۋىسى 5 - دەرىجىدىن 7 - دەرىجىگىچە بولغان.

باغتار بەگ: «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر خاتىرىسى» دە «باغتار» نىڭ مەنبەسىگە دائىر مەلۇماتلار بار، «باغ ئۇيغۇرچە مېۋىلىك جاي، تار پارسچە كەسپىي سۆز» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا Bagh نىڭ مەنىسى باغ، غاتار بولۇپ، تەيۋەنلىك تەتقىقاتچى ليۇ يىتاڭ ئەپەندى پارس تىلىدىكى maday مەنىسى كۈچ، روھ بولۇپ، باغتار ھويلا - ئارامنى باشقۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىغان، ئاپتور پارس تىلى لۇغىتىنى ئاقتۇرۇپ يېقىن مەنىلىرىدىن يەنە matā ھوقۇقدار دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى mattal ③ مەنىسى ماھىر، پىششىق ئىكەنلىكىنى④ سۆز مەنىسى ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنى، زادى قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

«غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن بەگلەرنىڭ ئەمىلى «باغ ـ ۋارانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل» دېيىلگەن، «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دىمۇ «باغ ـ ۋارانلارنى باشقۇرغۇچى» دېيىلگەن، باغتار بەگنىڭ مەرتىۋىسى 6 ـ دەرىجە بولغان.

## 6. قۇرۇلۇشقا مەسئۇل ئەمەلدارلار.

ناقىب بەگ: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ۋەزىپىسى «ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دە «گازارما ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى باشقۇرغۇچى» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دە رېمونت قىلىش، كەسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن، مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، ئەمىلىدىن قارىغاندا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار دەدېيىشكە بولىدۇ. بىراق، «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دىكى سۆزنىڭ مەنبەسى ۋە چۈشەندۈرۈلۈشى ھەققىدىكى مەلۇمات يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. «ناقىب، ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، نازارەت قىلغۇچى، ھەيدىگۈچى، دېگەن مەنىلەردە، پۈتكۈل جامائەت ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ»①. بۇ ناقىب بەگنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەمىلى بولۇپ، كېيىن ئۆزگىرىش بولغان.

ئىرغاچى بەگ: «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا بۇ بەگنىڭ ۋەزىپىسى شەھەرنىڭ دەريا ـ ئۆستەڭلىرىنى رېمونت قىلىش، يول ياساش قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ، دېيىلگەن. «شەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» دە ئىرغاچى بەگ «شەھەرنىڭ توسمىلىرىنى، كوچىلىرىنى ياساش، يول

ياساش، سۇ باشلاش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل» دېيىلگەن. ئىرغاچى دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدىكى irghachi دىن ئۇرا

## 7. ھەربىي رابات، قاراۋۇلخانا، ئۆتەڭلەرگە دائىر ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەلدارلار.

دۇگان بېگى: «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە - نىزاملىرى» نىڭ ئىككىنچى تومىدا دۇگان بېگىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا دائىر مىساللار مەسىلەن خوتەن شەھىرىگە 7 - دەرىجىلىك دۇگان بېگى قەشقەرگە بىرىنچى دەرىجىلىك دۇگان بېگى قويغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ پەرقى بارلىقى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئەمىلىگە دائىر باشقا يازما يادىكارلىــــقلاردىمۇ پەرق بار. «غەربىــــي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ھەرقايسى جايلارنىڭ ھۆججەت ئارخىپلىرىنى يۆتكەش، بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ئىشلىرىنى تۈرى بويىچە توپلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە دۇگان بېگى «ئاتلىق ئەسكەرلەرنى رويخېتــى ھەم ھۆججەت يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دە، «سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئاشلىق، ئات بىلەن تەمىنلەشنى، ھۆكۈمەتنىـڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. دۇگان ئەسلى Divan دىن كەلگەن بولسا پارس تىلىدىكى مەنىسى مەھكىمە دېگەنلىك بولىدۇ. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر خاتىرىسى» دە « ‹دىۋان› دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە ‹مەھكىمە› » دېگەنلىك دەپ خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ مەنىســى ماسلاشتۇرۇش دېگەندىن ئىبارەت. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى خاتىرىلەنگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلــــك

ئەھۋاللىرى ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلاردا كۆرسىتىلگىنى ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن يېڭى ئەمىلىدۇر. شۇڭلاشقا «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى» دە ئەسلىدىكى خوجىدار باشقۇرغان ئىشلار ۋە بۇگۇنكى سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئاشلىق، كىيىم، ئات بىلەن تەمىنلەپ بىۋاستە ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات يىپ ئۇچىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

قارا دىۋان بېگى: قارا دىۋان بېگىنىڭ ئەسلىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگىنى ئاساسەن بىردەك بولۇپ، «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا ئېنىق قىلىپ: «باغ، ئۆستەڭلەرنى باشقۇرۇش، قوشۇننى بارگاھنى رەتلەش، جەڭ قوراللىرىنى ياساش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان.

جابا بەگ: تەتقىقاتچىلار پارس تىلىدىكى jaزدىن كەلگەن ba دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە جىبو بەگ قورال ـ ياراغلارنى رىمونت قىلىپ ياسىغۇچى» دېيىلگەن. بىراق «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا ئۇ «قارا دىۋان بېگىگە ياردەملىشىپ ئىش بېجىرىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» نىڭ 2 ـ تومىدا قارا دىۋان بېگىگە ياكى قارا دىۋان بېگىگە ياردەملىشىپ ئىش بېجىرىدۇ» دېيىلگەن.

شىغاۋۇل بەگ: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «شىغىل» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «شىغىر» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» دە «شىچۇر» دېيىلگەن. «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرى»

نىڭ 75 ـ تومىدا يىن تاۋخۇي ئۇنى شىخۇەن دەپ تىلغا ئالىدۇ. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭ ئەمەلىي «ئۆتەڭلەرگە دائىر ئارىلاش ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچى» دېيىلگەن. بىراق، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» ئۇنىڭ ئەمىلىگە دائىر خاتىرىلەردە ئازراق ئوخشىماسلىق بار بولۇپ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «مەخسۇس مەھكىمىنىڭ نازارىتىدە ئىش بېجىرىدۇ، قازى، پاششاپ، ئەربابلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ» دېيىلگەن.

قالوربەگ: «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» بابۇربەگنى قاراۋۇلخانىنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى» بىلەن «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» لەردىمۇ «مەخسۇس قاراۋۇللىرىنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. زوكۇتو «قالور» ئەسلى Qarawul مەنىسى مۇھاپىزەتچى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكلەرمۇ بۇ ئەمەلنى قوللانغان①.

8. قىزىلما مېنىراللارغا دائىر ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەلدار

قاش بەگ: قاش (qash) ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى قاشتېشى، شۇڭلاشقا قاش بەگنىڭ ئەملى «قاشتېشى قېزىش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خوتەنگە قاش بەگدىن بىرسى تەيىنلەنگەنلىكى يېزىلغان.

ئالتۇن بېگى: «ئالتۇن (Altun)» بولسا ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى قەدىمىي سۆز بولۇپ، مەنىسى — ئالتۇن قەدىمدە ئالتۇن بېگى ئەمەلىيەتتىمۇ «ئالتۇن چايقاش ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى بەگ» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە

①

ـ نىزاملىرى» دا بىۋاستە ئالتۇن يىغقۇچى بەگ، مەرتىۋىسى 5 ـ دەرىجە دەپ يېزىلغان.

مىس بەگ: مىس (mis) ئۇيغۇرچە مىس دېگەنلىك بولۇپ، قەدىمدە مىس بەگمۇ «مىس كولاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ» دېيىلگەن. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا بىۋاستە سەيتۇك 7 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋىسىدە دەپ يېزىلغان.

9. دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەلدار

مۇھتەس بەگ: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ماسىپ» دە «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «ماسساب» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر» دە «مۇسىن» پارسچە Mohtasb دىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى ساقچى ئەمەلدارى، ساقچى، دىنىي قائىدىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرگۈچى، بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار ① بولىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش ئەمەللەر خاتىرىسى» دە ئۇ پارسچىدىن كىرگەن، «پايدا» دېگەنلىك بولۇپ، ئانچە توغرا ئەمەس. مۇھتەسىپ بەگنىڭ ئەمىلىگە دائىر «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دىكى قاراش ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، «مۇسۇلمانلارغا دىن ئۆگىتىش، دىن ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، خەلق ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق كېرەك» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدە» دە بۇ بەگ «دىنىي قائىدىلەرنى تەكشەپ، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆگىنىپ، دىنغا ئائىت نەرسىلەرنى يېزىشقا مەسئۇل» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن، بۇنىڭ مەخسۇس دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە

ـ نىزاملىرى» دىكى سىتاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن مۇھتەسىپ بەگنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ 6 ـ دەرىجىدىن 7 ـ دەرىجىگىچە بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

زاپىر موقتىب بەگ: «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «زابىت مۇقتىب بەگ»، «غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللار ھەققىدە» ھەرخىل ئاھاڭ تەرجىمىسى شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە دائىر «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە «پارسچە زابوت نازارەتچى دېگەنلىك» موقتىب، ئۆگىنىش بولۇپ، «ئۆگىنىشنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدار» دېيىلگەن. بۇ كىتابتا چۈشەندۈرۈلگىنى ناھايىتى توغرا بولۇپ، Zābel پارس تىلىدىكى باشقۇرغۇچى، نازارەتچى، ئىگىدارلىق قىلغۇچى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى، ئەمەلدار بولۇپ، Maktab — مەكتەپ دېگەنلىكتۇر①. شۇڭلاشقا «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ بەگنىڭ «مەخسۇس دىنىي ئادەتلەرنى ئۆگىنىش ئورنىدىكى ئىشلارنى بېجىرگۈچى» ئىكەنلىكى يېزىلغان. «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دە «مەخسۇس ئۆگىنىش، ئوقۇش، مەدرىس ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دىنىي مەنىسى يوق بولۇپ، «ئۆگىتىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا مەسلىھەت بېرىش باللارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل» دېيىلگەن.

## 10. ئالتۇن ئۇكىلىك ئۇيغۇرلار

بۇ چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. بېشىغا مېستىن ياسالغان قالپاق

كىيىۋالىدىغان ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئالتۇن ئۇكىلىك ئۇيغۇرلار راست ۋە ساختىنا ئىككى خىل بولاتتى. ساختىلىرى تۇرۇشلۇق ئامباللارنىڭ نامىدا ۋاقىتلىق ھەيئەت قاتارىدا ئىش بېجىرەتتى. ئىش تاماملانغاندىن كېيىن تارقىتىلمايتتى. شۇڭا، تېزلا كۆپىيىپ كېتەتتى. ئالتۇن ئۇكىلىكلەرنىڭ دەرىجىسى يوق بولۇپ، 7 - دەرىجىلىك تاج تاقىيالايتتى. كەملىگەن ھامان ئۈستۈرۈپ ئىشلىتىلەتتى. ئوكسفورت «ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللاردا بولارنىڭ ۋەزىپىسىنى «ھەرقايسى جايلار ۋە قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزىتىش ۋە يىراق - يېقىندىكى ئىشلارنى تىڭ - تىڭلاش» ② دەپ كۆرسىتىلگەنىدى.

بۇ بەگلەرنىڭ مەنسىپىنى بىز خەت مەنىسىدىنلا ئاددىيلا تەھلىل قىلالايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىش بېجىرىشتە كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگىنى بىلەن ماس كەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش زۆرۈر. ياپونىيە تەتقىقاتچىسى زوكوتو: «بەگ، ئەمەلداردا راستىنلا ئۇلارنىڭ ئەمىلىگە دائىر خاتىرىلەرمۇ كەمچىل دېدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، دەرۋەقە ئىنكار قىلمايمىز. بىراق، يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللاغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بەگلەرنىڭ رولى بارلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. تەتقىقات ئۇسۇلىدىن قارىغاندا خېلىلا كەمچىل. «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن. بەگلىك ئەمەل تۈزۈمى سىستېمىسىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، مەنسەپ ھوقۇقى ناھايىتى ئىنچىكە

ئايرىلغان. ئەمەلىيەتتە، ھەرقايسى بەگلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، «جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا» قازى بەگ ھەرقايسى جايلاردا بولمىسا بولمايدىغان ئەمەلدار. بىراق بەزى جايلاردا تەسىس قىلىنمىغان. ھەرقايسى جەھەتتىن چىقىش قىلىپ، ئۇيغۇرلار رايونىغا تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار توغرىسىدا يېزىلغان بىر ماقالىدا: (قەشقەرگە تەۋە ئاغۇ كەنتىدە 6 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگ بىلەن 6 ـ دەرىجىلىك قازىبەگ تەسىس قىلىنغان) . مەرتىۋىسى باراۋەر، تېرىقچىلىق، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل» ① دېيىلگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مەرتىۋىنىڭ بېكىتىلىشى مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقىغا قاراپ ئايرىلمىغان. شۇڭلاشقا، «نامىغا» ئاساسەن ئايرىلغان. قانۇنغا مەسئۇل قازىبەگ ئەمەلىيەتتە، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. بىر قىسىم ماتېرىياللاردا قانۇنغا مەسئۇل قازىبەگ دەپ ئايرىلمىغانلىرى ئەمەلىيەتتە يەرلىك قانۇنغا مەسئۇل بولغان. مەسىلەن، شى چىڭنىڭ 17 ـ يىلى (1837 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا، يوپۇرغا كەنتىدە قاتىللىق دېلو يۈز بەرگەندە ئۆلگۈچىنىڭ ئاتىسى مىراپ بەگكە ئەرز سۇنۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆتۈنگەن. ② مىراپبەگ «مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى» دا بەلگىلەنگەن «سۇ ئىنشائاتى، سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل» ئەمەلدار بولۇپ، بۇ يەردە دېلو بىر تەرەپ قىلغۇچى ئەمەلدار بولغان. «ئەمىلى بىلەن ئەمەلىيىتى ماس كەلمەسلىك» يەنە بىر مىسالى بولسا، يەكەندىكى «نوپۇسقا قاراپ رەخت پاختا بېجى قويۇش» ئىشى بولۇپ، بۇ پارچە ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ چىڭ سۇلالىسى يەكەننىڭ يەرلىك نوپۇسىغا دائىر ماتېرىيالىدا

ساقلانغان بولۇپ، يەكەن شەھىرىدە بەش رايونلۇق باشقۇرۇش ئورگىنى بارلىقى، ئۇنىڭ باشلىقى «شەھەردىكى بەشىنچى دەرىجىلىك مۆتىۋەللى بەگ»، «بەشىنچى دەرىجىلىك سىپاھ قازىبەگ»، «ئالتىنچى دەرىجىلىكى مىڭ بېگى»، «يەتتىنچى دەرىجىلىكى ئەرباب بەگ، 7 ـ دەرىجىلىكنى دىۋان بېگى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلىي رايونلاردا ئايرىلىشى ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، باغ شەھىرىدە رايونلار ئارىسىدىكى پەرققە ئاساسەن ئايرىپلا قالماي، ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمىلى بىلەن ۋەزىپىسى بىردەك بولغان.

بەگلەرنىڭ ئەمەل نامى بىلەن بېجىرىدىغان ئىشلىرىنىڭ ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1858 ـ يىلدىكى غەربىي يۇرتقا ساياھەتكە كەلگەن، ۋەلىخانوۋ شىنجاڭدا ئەمەلدار كۆپ، ئەمەلدارنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىشى مۇرەككەپ، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىسى يوق. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ـ قاتناشماسلىقىنى ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن③ دەپ يازغان.

(3) بەگلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى ۋە قالدۇرۇلۇشى.

چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى بەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش پرىنسىپى ھەققىدە ئېنىق يازما خاتىرە يوق. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا چيەنلۇڭ خاننىڭ غەربىي تىنچىتقۇچى جاڭجۈن جاۋ خۇيغا چۈشۈرگەن پەرمانىدا مۇنداق دېيىلگەن:

مۇسۇلمانلار شەھىرى ھازىر تىنجىتىلدى. خوجا جاھان

قاتارلىقلارنىڭ شەخسىي ھۆكۈمرانلىق باج - سېلىق يىغىش ھەرىكەتلىرى قاتتىق چەكلەندى. ھەم ئىش بېجىرگۈچى ھاكىمبەگلەر ھەرقايسى ئۆلكە ۋەزىرلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىش بېجىرىشكە تەيىنلەندى. كەملىرى تولۇقلاندى ياكى ئورنىغا يېڭىدىن سەپلەندى. ھاكىمبەگلەر چوڭ ئىشلارنى بېجىرىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى نويان دەپ ئاتىۋېلىشىغا، شەخسىي باج - سېلىق يىغىشقا يول قويۇلمايدۇ. ھاكىملار يېتىشمىسە ئورنىغا تاللاپ سەپلەنسە ياكى ئىشىكئاغىلاردىن ئۆستۈرۈلۈپ تولۇقلانسا بولىدۇ. مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدۇ. تۈزۈم بەلگىلەپ، تۈرلۈك راسخوتلارنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ئاۋامنى تىنچىتقاي».

يۇقىرىدىكى بايانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قانۇن تۇرغۇزۇپ مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ بەگلىك ۋارىسلىق تۈزۈمىنى چەكلىگەن. شۇڭا، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «بۇرۇن ھاكىملار ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرى، جەمەتسىمان ۋارىسلىرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئايلىنىپ ۋارىسلىق ئورنى ئەمەلدىن قالدى» دەپ قارىشىدۇ. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە ناملىق كىتابنىڭ 2 - توم «ئەمەلدارلىق مەنسەپ تۈزۈمى» دە «ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى شەھەرلەردىن ئايماقلارغىچە ھەممىسىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇن - تەرتىپى، بولۇپ، مەرتىۋىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلىشى شۇ تەرتىپ بار ئىدى، ئالمىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداقلىقى بەگ كەملىسۇن، شۇ شەھەر ياكى جەمەت ئىچىدىن ئاقىل ياكى

پاراسەتسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قول ئىلكىدە بار ھاللىقراق بولسىلا، ۋەزىپىگە ئولتۇرالايتتى. شۇڭا بەزىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەگلەرنىڭ تاللاپ تەيىنلىنىشى پۈتۈنلەي ۋارىسلىق تۈزۈمىنى ئاساس قىلغانمۇ ئەمەس، لېكىن، چىڭ سۇلالىسى مۇسۇلمانلار ئەللىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ۋارىسلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيىنلىشى كېرەكلىكى ئايلانغانلىقى ئېنىق، بەگلىك ۋارىسلىق تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئاقسۆڭەك بەگلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، باشقۇرۇشقا قۇلايسىزلىق تۇغۇلدى. چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى (1778 ـ يىلى) يەركەن ھاكىمبېگى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن يەركەن ئامبىلى گاۋ پۇتەي ئۇنىڭ ئوغلى ئوسماننى دادىسىنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىقشا بۇيرۇيدۇ. چيەنلۇڭ خان «ئاتىنىڭ ئىشىغا بالا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولۇپمۇ يەركەننىڭ ھاكىمبەگلىككە جەمەت ۋارىسلىق قىلىدىغان بۇنداق ئىش مېنىڭ ھاكىمىيىتىمدە يۈز بەرسە بۇنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى فەن بازىرىدىن نېمە پەرقى قالسۇن؟ » دەپ يول قويمايدۇ ـ دە، ئوسماننى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، سېيىتبەردىنى يەركەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە ئەۋەتىدۇ. سېيىتبەردى گاۋ پۇنىڭ قاشتېشى ئەتكەسچىلىكىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ. بۇ ئىش چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەگلىك ۋارىسلىق تۈزۈمىنى تىزگىنلەش ۋە بۇ خىل چەكلەش سىياسىتىنى قەتئىي يۈرگۈزۈش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ.

بەگ تەيىنلەش ھوقۇقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار»

2 ـ تومىدا بەگ تەيىنلەش ھەققىدىكى ئىككى خىل ئەھۋال قەيت قىلىنغان: بىرى، مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا 3 ـ دەرىجىدىن 5 ـ دەرىجىگىچە بولغان بەگلەر يېتىشمىسە مەسلىھەتچى ئامباللار رەسمىي ۋە ياردەمچى بەگلەرنىڭ تولۇقلاپ سەپلەشنى ئىلتىماس قىلىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، مەلۇم مۆلچەرلەنگەن ئاتالمىش ئاندىن ئەجدادلارنىڭ بىرى رەسمىي يەنە بىرى ياردەمچى بولىدۇ. مەلۇمات مەركەزگە يوللىنىپ قەستلىنىپ كەلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. (مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ) چىڭ سۇلالىسىغا دائىر ماتېرىياللارنى قارىغاندا شيەنخېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1853 ـ يىلى) كۇچانىڭ 5 ـ مەرتىۋىلىك خەزىنە بېگى مەمەتئېلى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئورنى بوش قالىدۇ. يەركەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى «مۇسۇلمانلار يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملاردىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، ئاما ئارىسىدىن تاللاش ئارقىلىق قەشقەرگە قاراشلىق ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىنىڭ 6 ـ مەرتىۋىلىك قازى بېگى داۋۇت رەسمىي بەگلىككە، يەركەنتكە قاراشلىق يېزىنىڭ 6 ـ مەرتىۋىلىك مىرشاپبېگى خۇدا بەردى ياردەمچىلىككە تەيىنلەندى مەركىزگە كاندىدات ئەزالارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى يوللاپ خاندىن كۆرۈپ تەيىنلەشنى سورىغان. شۇنداقلا ② مەسلىھەت سورىغان ئوردىدىن (ۋاھسانلار مەھكىمىسى) دە ئىككىنچى «6 ـ مەرتىۋىدىن تۆۋەن بەگلەر يېتىشمىسە ھەرقايسى شەھەرنىڭ ئامباللىرى مەسلىھەت بەرگۈچى ئورۇنلارغا مەلۇمات يوللاپ تولۇقلىشى، ساختىپەزلىكتىن» ساقلىنىشى لازىم. ③ باشقا يازما ماتېرىياللاردىن ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەرنى مۇسۇلمان يۇرتىنىڭ ئامباللىرى

ئۆزلىرى بەلگىلەپ پەسىللىك دوكلات قاتارىدا ۋاھسانلار مەھكىمىسىگەيوللىسا يىل ئاخىرىدا ۋاھسانلار مەھكىمىسى خانغا يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ ئۈچ شەھەرنىڭ ھاكىم بەگلىرى مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ئەڭ نوپۇزلۇق بولۇپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تەيىنلىنىشى ھەققىدە «مۇسۇلمانلار يۇرتى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» دا مۇنداق بەلگىلىمە بار:

ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ئۈچ شەھەرنىڭ ھاكىم بەگلىرى يېتىشمىسە، شۇ شەھەردە تۇرۇشلۇق بارلىق ئامباللار مۇزاكىرىلىشىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەمگەك تۆھپىسى بارلاردىن ھەم سۇيۇرغاللىق مەرتىۋە ئىزاھاتىغا ئاساسەن مەسلىھەتچى ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر ئۇنۋان بەلگىلەپ تەڭشەش يارلىقىنى چىقىرىدۇ»①

دەسلەپتە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەگلەنى مەنسەپكە تەيىنلەش قالدۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسە مەركەزگە مەلۇمات يوللاش لازىملىقىنى تەكىتلەنەەن بولۇپ، كېيىن «مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى بەگلەر كۆپ، مەرتىۋىنىڭ باراۋەر ئەمەس، بىر مەلۇمات تەييارلاش، چېگرىسىنى ئايرىش كېرەكلىكى» نى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) تۇزۇم بېكىتىپ بەگ قاتارلىقلارنىڭ ئۆرلەش ياكى چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار بار 5 ـ مەرتىۋىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئامباللار 6 ـ دەرىجىدىن تۆۋەنلەر يىل ئاخىرىدا ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ بەگلىرىنى تەيىنلەش شۇ شەھەرنىڭ ئامبىلى ئارقىلىق كاشغەر مەسلىھەتچى ئامبىلىغا ئاندىن مەركەزگە يوللاش تەرتىپى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدىغان بولۇپ، ئىلى جياڭجۈنى

مەھكىمىسىگە مەسلىھەت سالىدىغان ئىش يوق ئىدى. بۇ ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقىنىڭ زورىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ بېكىتىلگەن ئىش بولۇپ، «ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى شىنجاڭغا قاراشلىق ئىش بېجىرىش ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي يول بۆلىكىدىكى زېمىنلار كاشغەر مەسلىھەتچى ئامبىلنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىدى. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ بەلىرى يېتىشمىگەندە، كاشغەر مەسلىھەتچى ئامبىلى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بېكىتەتتى، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپمۇ ئولتۇرمايتتى. مەسلىھەتلىششكە توغرا كەلسىمۇ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇق كۈچىنى زورايتىپ قوياتتى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كاشغەر تەرەپ يەنىلا ئەسلىدىكى تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرەتتى»③

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر بەگلىرىنى تەكشۈرۈش شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، قەرەللىك تەكشۈرۈش، ۋاقىت بەلگىلەپ ئىجرا قىلىش بولۇپ «ئۈچتۇرپان، ياركەنت قاتارلىق جايلاردىكى يىللىق سالامغا بارىدىغان بەگلەر ھەققىدە بېيجىڭغا كىرگەن ۋاقىتتا، ئامباللار تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاپ خانغا سۇنىدۇ. ئىلىدىن سالامغا كېلىدىغان بەگلەرنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئامباللار يوللىمايدۇ. كېيىن ئۈچتۇرپان، ياركەنت قاتارلىق جايلار قاتارىدا بىرلىكتە ۋەزىپىسىگە قاراپ مەلۇمات بەرسە بولىدۇ»④ تەكشۈرگۈچىلەر ئامباللار بولۇپ، تەكشۈرۈلگۈچىلەر ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىرى، مەنسەپ ئۆرلىتىش ـ نۆۋەتلىتىش بىلەن

مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەلۇم بىر بەگلىك ئورنى بوش قالغاندا، سايلانغۇچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش، پىكرىنى يۇقىرىغا يوللاش بېكىتىلگەندىن كېيىن قاراپ چىقىش «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» دىن قارىغاندا، ياركەنت، كاشغەر، ئاقسۇ قاتارلىق ئۈچ شەھەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى يېتىشمىگەندە، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئامباللار مەسلىھەتچى ئامباللار تولىغان بېكىتىلگۈچىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى. . . . . قاتارلىقلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ خانغا يوللىغان. جۇڭگودىكى تۇنجى تارىخىي ئارخىپلار سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان ھەربىي ئىشلار يوللانمىلار ئارىسىدا نۇرغۇن بەگلەرنىڭ ئارخىپ باھا ماتېرىياللىرى ساقلانغان بولۇپ، بىزنى بەگلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنىلىتىش ھەققىدە جانلىق پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن: ھەربىي ئىشلار يوللانمىلىرى ئارىسىدا شيەنفېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1853 ـ يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال دېلىڭفىڭ كۇچانىڭ بەشىنچى دەرىجىلىك خەزىنىچى بېگى كەملىگەندە، مەركەزگە يوللىغان رەسمىي ۋە ياردەمچى ئەمەلدارلارنىڭ ئارخىپى ۋە تەكشۈرۈش پىكرى بولۇپ، ئۆستۈرۈلگۈچى نامزات داۋۇت ھەققىدە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان:

داۋۇت، 46 ياش، يېڭىسارلىق ئۇيغۇر، داۋ گۇاڭنىڭ 25 ـ يىلى يات ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى تۇتۇشتا زور كۈچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن سابىق مەسلىھەتچى ئامبال يى جىڭباۋ تەرىپىدىن 6 ـ دەرىجىلىك كۆكۈش پەي تاج تارتۇقلانغان. 27 ـ يىلى يات ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى يۈز بەرگەنلىك مەلۇمات يەتكۈزۈشتە كۈچ چىقارغانلىقتىن ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچى ئامبىلى يى

شەنباۋ 5 ـ دەرىجىلىك گۇللۇك پەي تاج ھەدىيە قىلغان. 28 ـ يىلى يى شەنزى ئۇنى كاشغەرنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىغا 6 ـ دەرىجىلىك قازىبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. شيەنخېڭنىڭ 2 ـ يىلى قەشقەردىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا زور ھەسسە قوشقانلىقتىن ئالقىشلىغان. ئىلى جياڭجۇنى يى شەنزۇ ئۇنىڭ ۋە كۆرسەتكەن قەھرىمان ۋە دەرىجىسىنى بىر مەرتىۋە ئۆستۈرگەن، ئىشەنچىلىك، ئېھتىياتچان .... ئۇنىڭ ياردەمچىسى خۇدا بەردىنىڭ ماتېرىيالى ۋە باھا سۆزى تۆۋەندىكىچە: خۇدابەردى، 39 ياش، ياركەنتلىك ئۇيغۇر. داۋ گۇاڭنىڭ 22 ـ يىلى مەسلىھەتچى ئامباللارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تولۇقلىنىپ ئالتۇن ئۇكە تەقدىم قىلىنغان.

23 ـ يىلى شەھەرنى قايتا قۇرۇشقا كۆچ چىقارغان مەسلىھەتچى ئامبال يى فېڭ دىڭنىڭ مەسلىھىتى بىلەن 6 ـ دەرىجىلىك بەگلەر يېتىشمىگەن ئەھۋالدا ئىشلىتىلگەن 26 ـ يىلى بۇيرۇتلار سارىقولدا توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، توپىلاڭنى تىنچىتىشتا كۆچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن مەسلىھەتچىلەر ئامبىلىنى چىن باۋزۇ 5 ـ دەرىجىلىك مەرتىۋە بېرىش يارلىقىنى چۈشۈرگەن. 28 ـ يىلى مەسلىھەتچىلەر ئامبىلى (جى مىڭزى) يەكەنگە قاراشلىق شۇ كى شۇ يېزىنىڭ 6 ـ مەرتىۋىلىك مىراپبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. يىل بېشىدا ياركەندە بوز يەر ۋە خانلىق بېرىشنى تىنچىتىشتا كۆچ چىقارغان جى مىڭ باۋ خۇدا بەردىگە گۇللۇك تاج تەقدىم قىلىش يارلىق چۈشۈرگەن، ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق قەيسەر ۋۇرىن باۋ توغرىلىق ئۇيغۇرلار رايوننىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا چىڭ ھۆكۈمىتى② «بەگلەر يېتىشمىسە دائىم پارا بېرىش ئارقىلىق تولۇقلاش كونا خۇيى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جاپا

چېكىنىۋاتقانلىقىنى» بايقىدى. شۇڭلاشقا، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ مالىمانچىلىقىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى. بەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش بولسا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. داۋ گۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1829 ـ يىلى) نا يەنچېڭ مەركەزگە تەكلىپ بېرىپ بەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، قالدۇرۇش نىزامنامىسىنى ئۆزگەرتىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن يېڭى نىزامنامىدە بەگلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش باسقۇچلىرىدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن تەدبىرلەرنى تۈزدى:

ھەرقايسى شەھەرلەردە 3 ـ مەرتىۋىدىن 5 ـ مەرتىۋىگىچە بەگلەر يېتىشمىسە شۇ شەھەر ئامبىلى تەكشۈرۈپ، ئەۋلادتىن تۆۋەنكى كۆرسەتكەنلەرنىڭ تەرتىپى ھەم ئۇنىڭدا ئىش بېجىرىش قابىلىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئابرۇيى، ھەم ئىچكى تۈزۈمگە ئاساسەن ھەممە جەھەتتىن تىزىملاپ يەنە بىرىنچىدىن ئەمگەك نەتىجىسى ئىككىنچىدىن، سالاھىيىتى، ئۈچىنچىدىن، قابىلىيىتى 4 ـ ئائىلە نەسەبى بويىچە ھەقىقي توشقۇزۇلۇپ بارلىق ئەمەلىي پىكىرلەرنى ئۆستۈرۈش ياكى تولۇقلايدىغان كىشىلەردىن تۆۋەنكى بەشكىچە يېزىپ مەسلىھەتچى ئامباللارنىڭ كۆرۈشىگە سۇنسا بولىدۇ. ئۆستۈرۈلگەنلەرگە ئۈچ يىللىق ئىش ھەققى بەلگىلىنىشى، ئىش ھەققى توشقانلارنى ۋاقتىدا تونۇشتۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ئۆستۈرۈلۈشى ئېنىق بولمىسا دەرھال تەكشۈرۈلۈشى كېرەك. ئەگەر غەيري ئەھۋال كۆرۈلمىسە ھەرقايسى شەھەر ئامباللىرى ئەسلىدە سۇنغان ئىلتىماس بويىچە ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ بەرسە بولىدۇ.

6 ـ مەرتىۋىدىكى ئالتۇن ئۇكىلىك بەگلەر يېتىشمىگەندە ھەرقايسى شەھەر ئامباللىرى ئەستايىدىل تاللاپ ئۆستۈرۈشكە، تولۇقلاشقا تىگىشلىكلەرنى ئىش ھەققىنى تەكشۈرۈپ، ئەتراپلىق تىزىملاپ، ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۈچ، تۆت يەرنى تاللاپ، مەسلىھەتچى ئامباللارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنسا بولىدۇ. خانغا يوللاش ھاجەتسىز بولۇپ ۋاسساللار مەھكىمىسىگە يوللىسا بولىدۇ.

يېڭى نىزامنامىدە «ئەسلىدىكى كېپىللىك قىلغۇچى ئامبال» نىڭ مەسئۇلىيىتى تەكىتلەندى. ئەگەر تونۇشتۇرغان بەگنىڭ ۋەزىپىسىدىن چاتاق چىقسا جازانى قوبۇل قىلىشى بەلگىلەندى.

تونۇشتۇرۇلغۇچى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە ئەسلىدىكى كېپىللىك قىلغۇچى ئامبال بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى. ئەگەر ئامىمغا پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كەلسە ياكى ئەسلىدىكى ئەسكى قائىدىلەرنى ئۆزگەرتسە، نامىنى ئۆزگەرتسە يىغىلغان پۇللارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان ئىشلارنىڭ قايسى بىرى بايقالسا ئەسلىدىكى كېپىللىك قىلغۇچىغىمۇ قوشۇپ قاتتىق جازالىنىدۇ.

يېڭى نىزامنامىدە بەگلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر چەكلىمە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا بىر قىسىم كىشىلەر، مەسىلەن، ھۈنەرۋەن، كەسىپلار، ھاكىملار جەمەتىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆردىدا خىزمەت قىلىدۇ چېكىنىدۇرۇلگەنلەر خەنزۇ تىلىغا راۋان بولۇپ، ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، يەنە شۇ شەھەرنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن پىششىق تونۇش بولۇپ بەگلەرنى قايتا تاللىغاندا ئىش بېجىرگۈچى ئامباللار نىزامنامىگە خىلاپلىق

قىلىپ ئۆستۈرۈپ ئىشلەتكەن بەگلەرگە چىڭ ھۆكۈمەتتى بۇ كىشىلەر يامۇلغا كىرگەندىن كېيىن «ئىچ، سىرت مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇلىدۇ» يامۇلنىڭ ھاۋاسىنى بۇزىدۇ دەپ قاراپ بۇ قېتىم تۈزۈلگەن يېڭى نىزامنامىسىدە «بۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىقىدەك ئۇيغۇرلارنى ئىشقا قويۇشقا بەگ قىلىپ ئۆستۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىر بار بولغان بەگلەرنى ئېنىقلاپ «ئەگەر ھۈنەرۋەن، ھاكىم جەمەتىدىكىلەر ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ بېرىلگەنلەر ياكى ئىلگىرى بەگلىككە قويۇلغانلارنىڭ قايسى بىرى بايقالسا بىردەك قايتۇرۇۋېلىنىدۇ» دەپ قاتتىق بەلگىلەندى.

بەگلەرنىڭ سايلىنىشىدا دىنىي ئارقا كۆرۈنۈش ئېلېمېنتلىرىمۇ بار. ئۇيغۇرلار رايونىدا «بەگلەر قارا ئۇيغۇرلار ئاھالىسىدىن كۆپرەك تاللانغان بولۇپ ئاق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن ئىناق ئۆتىدىغان خەلق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخۇنى چاكار ئەمەس، ھەم بەگ قىلىپ تاللانمىغان ھەرقايسى ئاخۇننىڭ بالا - چاقىلىرى كويلىرىدىن پەقەت بىر ئىككىلا ئاخۇنلۇققا قويۇلغان قالغانلىرى ياكى بەگ قىلىنغان. پەقەت «ئاخۇننىڭ ئوغلىدىن خىزمەتچى بولغانلار بەگلىككە قويۇلىدۇ. بىراق ②يەنە ئاخۇن بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدىلەر» نىڭ 7 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن. (4) چەكلەش تۈزۈمى.

چەكلەش تۈزۈمى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى توسىدىغان چەكلەيدىغان مەمۇرىي تۈزۈمدۇر. چەكلەشنىڭ ئۈچ خىل قىسمى بولۇپ ئەمەلىي بويىچە

چەكلەش، تەۋەلىكى بويىچە چەلەش، مەمۇرىي ئىشلارنى ئىجرا قىلىشتا چەكلەش قاتارلىقلار. چەكلەش تۈزۈمى جۇڭخۇا قانۇن تۈزۈمى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار قىسمى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ كەلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئەمەلدارلارنى مەنسەپكە قويۇشتىكى چەكلەش تۈزۈمى ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

سۈي سۇلالىسىگە كەلگەندە ئەمەلدارلارنى بېكىتىشتە ئاسان بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئامالىنىڭ بىرىچە ئىنانچىلاردىن تاللاپ ۋەزىپىگە قويغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈم تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ ئەمەلدارلار ئۆز ئەۋەتكەن 500 چاقىرىم يىراقلىقتا ئەمەلدارلىققا قويۇلۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، يۇرتىدىن بىردەك ئايرىپ تاشلانغان. ئايماق ناھىيىلەرنىڭ ياندىش ئامباللىرى شۇ تەۋەلىكتە ياكى شۇ تەۋەلىكنىڭ 300 چاقىرىم دائىرىسىدىكى رايونلاردا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىغا چەكلىمە قويۇلغان. «جازالاش ۋە ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئالتە خىل بەلگىلىمىدە چەكلەش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قانداق جازا بېرىش ھەققىدە قاتتىق بەلگىلىمە تۈزۈلگەن.

چىڭ سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە چەكلەش تۈزۈمى يوق بولۇپ، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە» دە مۇنداق بايانلار بار:

«ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى شەھەرلەردىن ئايماقلارغىچە ھەممىسىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇن تەرتىپى بولۇپ، مەرتىۋىسىنىڭ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش تەرتىپى بار ئىدى.

ئالمىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداقلىكى بەگ كەملىمىسۇن شۇ شەھەر ياكى جەمەت ئىچىدىن ئاقىل ياكى پاراسەتسىز لەقۋا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قول ئىلكىدە بار ھاللىقراق بولسىلا ۋەزىپىگە ئولتۇرالايتتى. شۇڭا، بەزىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بوپقالاتتى. . . غەرب تىنچىتىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىن، ھەمە كىشى تەرتىپلىك بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەسەپ جەھەتتە ئەھۋالىغا ئاساسەن ۋەزىپىگە قويۇلغان. چوڭ ئەمەلدارلار ئۆز تەۋەلىكىدىن يۆتكەپ تاللانغان. ئىش بېجىرىشكە ئاسان ئىشەنچىلىك، ئادىل بولۇشى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا توسالغۇلۇق پەيدا قىلماسلىقى ئۈچۈن قابىلىيىتى، يەرلىك بىلەن ماسلىشىش ئىقتىدارى، يۇرۇش، تۇرۇشى، ئىدارىسى، سالامەتلىكى ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئىنچىكە تەكشۈرۈلۈپ قەيەردە تولۇقلاش زۆرۈر تېپىلسا يۆتكەلگەن ياكى ئۆستۈرۈلۈپ تولۇقلانغان»①

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بەگلىك تۈزۈمگە چەكلەش تۈزۈمى كىرگۈزۈلدى.

چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1700 ـ يىلى) ئۈچتۇرپاننىڭ ئاخۇن، بەگلەر تۈزۈمى ھەققىدە خوجىغا شىككايەت يوللىغان شۇنداقلا ياركەنتنىڭ خەزىنىچىسى سارىغا «بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىملىقىنى قولغا كەلتۈرسە بەك ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاگۇي ئاخۇن، بەگلەرگە بەگلىك ۋەزىپىسىنىڭ تەۋسىيە قىلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ سارىنىڭ مۇشۇ يەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قويۇشقا ئەسلا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەلۇمات يوللىغان. بۇ

ئەمەلىيەتتە ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى چەكلەش تۈزۈلمىسىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى، چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1962 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئېنىق قىلىپ «بۇندىن كېيىن بەگ تەيىنلەش تولۇقلاشتا، دەرىجىسىنى ئاسان قىلىپ چەكلەش تۈزۈمىنى قوللىنىش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقارغان.

ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ بەگلىك چەكلەش تۈزۈمى تۇغقاندارچىلىق بويىچە چەكلەش ۋە يۇرت تەۋەلىكى بويىچە چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (1765 - يىلى) ئىلى جياڭجۈنى مىڭ رۈي ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ۋەقەلەر توغرىلىق توختالغاندا مۇنۇلارنى تىلغا ئالغان: «بەگلەر يېتىشمىسە تولۇقلاشتا دائىر ھەقچىلىق كۆرۈلۈپ قالاتتى. ھاكىمبەگلەرنىڭ ئورۇن ئەۋلادلىرىدىن كىرىم مەنبەسىگە قاراپلا ئىشانغا، خەزىنىچى، شاڭبېگى ئومۇم مۇھاپىزەتچى ھاكىم قاتارلىقلارنى تۇغقانلىرى قاتارلىقلاردىن يىراقلاشتۇرغان»① بۇ تۇغقاندارچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۆز شەھىرىدىن، كىچىكلىرىنى يېزىسىدىن يىراققا بەلگىلەش؛ تۈزۈمىنىڭ كۆرسىتىدىغىنى بولسا يۇرت تەۋەلىكىگە ئاساسەن چەكلەشتۇر.

يۇرت تەۋەلىكى بويىچە چەكلەشتە يەنە بىر خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ. بىر قىسىم چەت - ياقا جايلارنىڭ ئادەم ۋە باشقا جەھەتلەردە باشقا جايلار بىلەن بولغان پەرقى بىر قەدەر چوڭ مەسىلەن، كورلا، بۈگۈر، كەلپىن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك بەگلىرى ياتلاشتۇرۇلۇشى، «باشقا قىسىملاردىن ئەگەر شۇ يەرلىكتە تەيىنلەش توغرا كەلسىمۇ، يەرلىك بىلەن بەك تونۇش بولماسلىقى بولمىسا باشقۇرۇش تەسكە توختايدىغانلىقى

بەلگىلەنگەن. چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمە چىقارغان: «كورلا، بۈگۈرلەرنىڭ ھاكىمىدىن ئىككىسى كەملىسە ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ تاللاپ تولۇقلاش تىزىملىكىنى خانغا يوللىشى (ئالتىنچى دەرىجىلىكتىن تۆۋەنلىرى يېتىشمىسە باشقا ئىشكىئاغا خەزىنىچى شاڭ بېگى كەملىسە شۇ شەھەرنىڭ ئۆستۈرۈلىدىغان نامزاتلىرى ئىچىدىن تاللاپ يەرلىك ئامباللار شۇ تەۋەلىكتىن ئۆستۈرۈلىدىغان نامزاتلاردىن تاللاپ سەپلىشى يىل ئاخىرىدا مەلۇمات يوللىسا بولىدۇ.

مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ھاكىمىيە تۈزۈلمىسىدە چەكلەش تۈزۈمىنى ئىشلىتىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ چىرىكلىشىشكە ئەگىشىپ بۇ تۈركۈم پەيدىنپەي بوشىشىپ كەتكەن. جۇڭغارلارنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىگەن ۋاقىتتا مۇنداق بىر مەسىلىنى بايقىغان:

ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى خەزىنىچى بەگلىرى دىۋانبېگى، قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالۋان - ياساق قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان، بارلىق غەللە - پاراق ئىشلىرى شۇلارنىڭ قولىدا ئۆتكەن چىيەنلۇڭ يىللىرىدىكى كونا تۈزۈمدە چوڭ بەگلەر ئۆز شەھىرىدىن ياتلاشتۇرۇلغان، كىچىك بەگلەر ئۆز يېزىسىدىن ياتلاشتۇرۇلغان. يېقىندا ھاكىمبەگلەر ئۆز شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلەنگەن. كىچىك بەگلەرمۇ ئۆز يېزىسىدىن ئىش بېجىرىشكە تەيىنلەنگەن بۇ بەگلەر ئەھۋالىنى پىششىق بىلگەچكە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. كېيىن ھەرقايسى شەھەرنىڭ ئۆستۈرۈپ تولۇقلايدىغان

ھاكىمبېگى، ئىنشانخان دىۋانبېگى قاتارلىقلار ئۆز شەھىرىدىن ياتلاشتۇرۇلغان. 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ مەرتىۋىلىك بەگلەر ئۆز شەھىرىدىن ياتلاشتۇرۇلغان. ئەگەر قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرچىلار كۆرۈلسە ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشكە سۇنۇپ بىر تەرەپ قىلىش مەلۇماتىنى تاپشۇرغان، كونا تۇزۇمدە يېڭىسار، قەشقەرگە تەۋە، خوتەن يەركەنتكە تەۋە بولۇپ، ئۆز شەھىرىدىن بىردەك ياتلاشتۇرۇلغان»③

داۋ گۇاڭنىڭ 11 ـ يىلى (1831 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى بەگلەرنى ياتلاشتۇرۇش تۈزۈمىگە نىسبەتەن زور كۆلەملىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ «ھازىرقى نىزامدىكى، چوڭ بەگلەرنىڭ ئۆز شەھىرىدىن ياتلىنىشى، كىچىك بەگلەرنىڭ شۇ يېزىدىن ياتلىشىش ئۇلارغا قولايسىزلىق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن 3 ـ مەرتىۋىلىك ھاكىمبەگلەردىن توققۇزى كەملىسە ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگ، ئىشان بەگلىرى ئاۋۋالقىدەكلا ئۆز رايونىمىز ياتلاشتۇرۇلىدۇ. 3 ـ مەرتىۋىدىن 5 ـ مەرتىۋىگىچە كەملىسە مەسلىھەتچىلەر تەرىپىدىن بېكىتىلىپ ئىش ھەققى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. ھەرقايسى شەھەر يېزىلاردا 6 ـ مەرتىۋىدىن تۆۋەن بەگلەر يېتىشمىسە ئۆزرايونىدا چىرىكلىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەزكۇر ئامباللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ مەسلىھەتچىلەرنىڭ مەسلىھەت بېرىشىگە يوللاش بولىدۇ، خانغا يوللاش ھاجەتسىز دەپ قارىغان①

5. بەگلەرنىڭ پىنسىيە خىراجىتى

چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) 7 ـ ئايلىرىدىن بۇرۇن قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى شۇ خېتى ئاقسۇنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە تەيىنلىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، چىڭ

ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە ئەشكەرلەرنى جازا يۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلىپ قوغول، تۇرپان قاتارلىق خانغا سەممىيىتىنى بىلدۈرگەنلەردىن باشقا ئىلگىرىكى يۇسۇپ، ئىمىن خوجىلارنىڭ تەۋەلىكىدىكىلەر، ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى شۇنداقلا ئەمەلدارلارغا تەمىنات بېرىلمەيدۇ، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىش ئورنى تەسىس قىلىپ ئىشلىتىلگەن چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار، چاكارلارنىڭ تەمىنات بېرىلسە بولىدۇ. بولغۇسى ھاكىم قاتارلىق چوڭ بەگلەرگە ياكى پايتەختكە سالامغا بارىدىغانلارغا ئەمەلدارلىق تەمىناتى بېرىلسە، كىچىك بەگ قاتارلىقلارغا بېكىتىلگەن باج ـ سېلىق ئىچىدىن مۇۋاپىق ئاجرىتىپ بېرىلسە بولىدۇ. ② دەپ بەلگىلىدى. بۇ ئېنىق ھالدا بەگلەرگە بولغان مۇئامىلىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، بەگلەرگە بولغان بۇ خىل ياخشى مۇئامىلىنىڭ مەقسىتى پىنسىيە خىراجىتىدە بولۇپ، ماتېرىياللاردا «ئۇيغۇرلار ئەزگۈچىلەرگە ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرىگە پۇل ـ مال، يەر ـ زېمىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈكىنى بىلدۈرۈش نىيىتى» ③ «بۇرۇندىن تارتىپ ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ بەگلىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاۋامنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان قىلمىشلىرى بولۇپ تۇرغان. ئۇلار بۇنى خاننىڭ مېھربانلىقىغا قىلغان ساداقىتى سۈپىتىدە تونۇغان ھەمدە پىنسىيە خىراجىتى بىلەن تارتۇقلىنىپ كەلگەن»④

ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ بەگلىرىنىڭ خىراجىتى تېرىلغۇ يەر، يانچى، بەگكە قاتارلىق ئۈچ خىل مەزمۇندا ئېلىپ بېرىلغان تېرىلغۇ يەر ھەققىدە «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ھەرقايسى بەگلەرنىڭ خىراجىتى» يەر ھەمدە مالاي بولغان:

3 ـ دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككى يۈز پاتمان يەر ۋە يۈز ئىشلەمچى، 4 ـ دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھەربىرىگە 150 پاتمان يەر ۋە 50 ئىشلەمچى، 5 ـ دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھەربىرىگە يۈز پاتمان يەر ۋە 30 ئىشلەمچى، 6 ـ دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھەربىرىگە 50 پاتماندىن يەر ۋە 15 ئىشلەمچى، 7 ـ دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھەربىرىگە 30 پاتماندىن يەر ۋە سەككىزدىن ئىشلەمچى بېرىلەتتى.①

«غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرى» دىكى بەگلەر بەھرىمەن بولىدىغان خىراجەت ۋە يانچىلارغا دائىر ئادەتتىكى بەلگىلىمىلەرگە قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ بەگلىرىنىڭ پىنسىيە خىراجىتى رايون پەرقىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇراسىم خاتىرىلىرى» نىڭ 748 ـ ماددىسى «بەگلەرگە بېرىلىدىغان خىراجەت» تە مۇنداق دېيىلگەن:

«مۇسۇلمان يۇرتلىرىدىكى بەگلەرگە خىراجەت يېرى بېرىلگەن بولۇپ، كاشىغەر، ياركەنت، ئورۇندىكىلەرگە پۇل ـ پېچەكمۇ بېرىلگەن. يەرنىڭ ئۆلچىمى پاتمان پۇلنىڭ تەڭگە بولۇپ، بىر پاتمان بىر كۇرە بەش دەن ئۈچ چارەككە تەڭ ئىدى. » غەربنىڭ يەرلىرى ئۈنۈمسىز بولغاچقا، چىققان ئاشلىقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە ھېسابلىنىپ يەر بېرىلەتتى. يانچىلارمۇ يەرگە قاراپ بېرىلەتتى. پۇلنىڭ ھەر 50 كى بىر تەڭگە ئىدى. خىراجەت يېرى كۆپلىرىنىڭ 200 پاتمان يېرى، 100 يانچى ئازلىرىنىڭمۇ 10 پاتمان يېرى، ئىككى يانچىسى بولاتتى. يەر بېرىلمىگەنلىرىگە يانچىمۇ بېرىلمەيتتى. ئەڭ كۆپ پۇل بېرىدىغانلىرىغا 800 يەڭگە، ئاز بېرىدىغانلىرىغىمۇ 50 تەڭگە توغرا كېلەتتى. ۋەزىپىسىنىڭ قانداقلىقى، دەرىجىسىنىڭ چوڭ

- كىچىكلىكىگە قاراپ پەرقلىنەتتى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار رايونى بەگلىرىنىڭ خىراجىتى يەر، يانچى تەڭگە قاتارلىق ئۈچ خىل شەكىلدە تارقىتىلغان بولۇپ، ئاساسلىقى كاشغەر، ياركەنت، ئۈدۈن قاتارلىق رايونلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. «مۇسۇلمانلار يۇرتى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملارنىڭ 5 - تومىدىكى: «كاشغەر هاكىمبېگى قاتارلىقلارنىڭ خىراجىتىنى يىغىپ بېرىشنى توختىتىپ ئامباردىن تەمىنلەش ھەققىدىكى نىزام ھەمدە «ئۈدۈن هاكىمبېگى ۋە سارىقول بېگى قاتارلىقلارغا بېقىش خىراجىتى بېرىش» ھەققىدىكى نىزاملارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ھەرقايسى جايلاردىكى بەگلەرگە بېرىلىدىغان بېقىش خىراجەت ئۆلچىمى هاكىمبېگىنىڭ پىنسىيە خىراجىتى 800 تەڭگە، كاشغەرنىڭمۇ شۇ ئەتراپتا بولغان. بىراق ئورۇننىڭ هاكىمبېگىگە ئەسلىدە 1200 تەڭگە بېرىلىدىغان بولۇپ، كېيىن تەڭشەپ 800 تەڭگىگە چۈشۈرۈلگەن. ياركەنتنىڭ ئىشانخانبېگىنىڭ ئەسلىدە 900 تەڭگە بولۇپ، كېيىن تەڭشەپ 600 تەڭگىگە قالدۇرۇلغان. باشقا ئوخشىمىغان رايونلاردا، ئوخشاش بىر رايوندىكى ئوخشاش بولمىغان بەگلەر ئوتتۇرىسىدا دەرىجە پەرقى ئوخشاش بولسىمۇ، پىنسىيە خىراجىتى ئوخشاش بولمىغان.

ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ شەرقىدىكى ھەرقايسى رايونلاردا پىنسىيە خىراجىتى تارقاتماسلىق ئەھۋاللىرىنى ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. «شىنجاڭ غەربىي قىسىم تەزكىرىسى» 3 - خاتىرىسىدە «كورلا، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ بەگلىرىنىڭ پىنسىيە خىراجىتى بېرىشتە، مەسلىھەتچى ئامباللار

بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ھەرقايسى يەرلەرنىڭ زېمىنىنى كىچىك، سودىسى ئاز، تەڭگىسىنى كۆپ ئىشلەتمەسلىكتەك يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەرقايسى بەگلەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ يەر ۋە يانچى ئاجرىتىپ كۇتۇنۇشكە بېرىلگەن» شەرق ۋە غەربتىكى رايونلارنىڭ پەرقىگە ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى سودا ۋە پۇل ئالاقە ئىشلىرىدىكى تەرەققىياتنىڭ تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن ئوتتۇرپاننىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ بەگلىرىگە پۇل ـ پېچەك بېرىلمىگەن»① «شىنجاڭ غەربىي قىسىم تەزكىرىسى» نىڭ 3 ـ خاتىرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرپاننىڭ شەرقىي رايونىدىكى بەگلەر بەھرىمەن بولغان خىراجەت ۋە يەر ۋە يانچىلار ئوخشاش بولمىغان. «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەردىكى بەلگىلىمىگىمۇ ماس كەلمەيدىغان بولۇپ، ئورۇن بىلەنلا كەلگەن. تۆۋەندە بىر سەككىز شەھەرنى تاللاپ ئۇلارنىڭ 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ دەرىجىلىك بەگلەرگە بەرگەن پىنسىيە خىراجىتىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

پەقەت تەڭگە ۋە يانچىلار بېرىپ، پىنسىيە خىراجەت يېرى بەرمەيدىغان شەكىلدۇر. بۇ خىلدا بەگنىڭ ئۆزى يەر ئىگىلەپ تۇرغان بولۇپ يەنە پىنسىيە خىراجەت يېرى بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن: مىراب، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر» دە «مىرابېەگلەر مەخسۇس تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاچقا، ئەسلىدىنلا يەر ئىگىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا يەر تەقسىم قىلىنماي ھەربىرىگە بەشتىن يانچى بېرىلسە بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭ غەربىي قىسىم تەزكىرىسى» نىڭ 3 ـ خاتىرىسىدە

ئاقسۇدىكى يەتتە مىراپبېگىنىڭ مۇشۇ خىل ئەھۋالغا چۈشىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ «يار قاتارلىق رايوندىكى ھەرقايسى مىرشاپ بەگلەر تېرىلغۇ يېرى بولۇپ باشقا بېقىش پۇلى بېرىلگەن يار بېشى، ئاقيەر ئىككى جايدا ھەربىرىگە 10 نەپەردىن يانچى بەرگەن. قالغان بەشەيلەنگە بولسا تۆت نەپەردىن بەرگەن. يەنە بىرى بولسا بېقىش خىراجىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، پىنسىيە يېرى بېرىلمەيدىغان بولۇپ، «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار تەزكىرىسى»دە خوتەندىكى 26 نەپەر بەگنىڭ مۇشۇ خىل خاتىرىلەنگەن.

شۇ بەگنىڭ باشتىن كەشىپ تىزىمى بولسا تەڭگە ۋە پىنسىيە يېرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. مەسىلەن يەركەنت بەش نەپەر 7 - دەرىجىلىك بەگنىڭ ئۆي - جاي، زېمىنى، تۈگمەنلىرى، بولغانلىقتى بەش دەپتەر پۇلنى بىر تەڭگە ھېسابلىغان دەپ تەڭگە، يەر بەرمىگەن. يەنە باشقا بەش بەگ ساۋاتسىزلارنى ئوقۇتۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن سوۋغا بېرىلىپ، تەڭگە، يەر بېرىلگەن.

زوكوتوۋ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى ستاتىستىكىسغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار رايوندا پىنسىيە خىراجىتى ۋە پىنسىيە يېرىدىن بەھرىمەن بولىدىغان جەمئىي 74 ئادەم بولۇپ ئۇلار مىرشاپبەگدىن سىرت يەنە مىڭبېگى، مىتۇۋالبېگى رايا قازىبەگ، قازىبەگ، دىۋانبېگى قازى دىۋانبېگى، پاششاپبەگ، شىغاۋۇل بەگ دوپبەگ، ناقىب قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.② پىنسىيە خىراجىتىدىن باشقا، چىڭ ھۆكۈمىتى بەگلەرگە يەنە باشقا تەمىناتلارنىمۇ بېرىدۇ. مەسىلەن، بەگلەرنىڭ تارتۇقىنى تۇتۇپ قېلىش مەسىلىسىدە چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ھۆكۈمەت تۆھپىسى بار بەگلەرنىڭ نىشان شەرىپى بەرگەن

نەرسلەر بولۇپ خالىغانچە تۇتۇپ قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. داۋ گۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى «ئادەتتىكى ھاكىمبەگلەردىن تۆۋەن 4 ـ دەرىجىگىچە بولغان بەگلەر ۋە ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەن تۆھپىسى بار بەگلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا بىرىلگەن تارتۇق③بويۇملارنى تولۇق يەتكۈزۈش قەتئىي تۇتۇپ قالماسلىقنى بەلگىلىگەن.

بىر قىسىم بەگلەرگە يەنە خاس مالايلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ بۇ بەگلەر ئاساسلىقى خەزىنىچى، شاڭ بىگ بىگە ياردەملىشىدىغان بولغان. مىرشاپبىگ مۇ مالاي سەپلەپ بىرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. مەسلەن: چيەنلوڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) 3 ـ ئاي زەرەپشان ئىش بىجىرىشى مەھكىمىسىگە باشبوغى شىن جۇ يازما يادىكارلىقلاردا ۋەسىقىلەردە مەلۇماتىدا خانىغا سالامغا كىرىش.

6. سالامغا كىرىش تۈزۈمى

چيەنلوڭنىڭ 23 ـ يىلى (1758) چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنىڭ ئوردىغا سالامغا كىرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. «ھەرقايسى شەھەر ئاقساقىلى خانىغا سالامغا كىرگۈچىلەر بولۇپ، قانداق ۋاقىتتا ئوردىغا كىرىدىغانلىقى پەرمان چۈشۈرۈلۈپ ئۇقتۇرۇلىدۇ ② جاۋ خۈينىڭ مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، غەربىي رايون تىنچىتىلغان ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ بەگلىرىنىڭ سالامغا كىرىشى يولغا قويۇلغان.

ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن بايلىق خوجىست باشچىلىقىدا ۋە دۆلەت گوڭ، خوجەك بەگلەر ئالدى بىلەن بارغان. قالغانلىرى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ يىل بىشىدىن باشلاپ

نۆۋەت بويىچە ئوردىغا سالامغا كىرگەن. ③ ھەر يىلدا بىر قېتىم سالامغا كىرىش «يىللىق تەرتىپ» دەپ ئاتالغان.

سالامغا كىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە بەگلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە نىسبەتەن چەكلىمە يوق بولۇپ 3 ـ دەرىجىدىن 1 ـ دەرىجىگىچە بەگلەر ھەممىسى ئوردىغا سالامغا كىرسە بولاتتى. بەگلەرنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن چىڭ ھۆكۈمىتى كۆتۈرۈلۈش مەسىلىسىدە چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىل) شۇ خېنىڭ مەلۇماتىدا ئېيتىلىشىچە «سالامغا كەلگەن يەركەنت قاتارلىق جايلارنىڭ بەگلىرىنىڭ ئادەم سانى كۆپ ئۇنىڭ ئىچىدە 7 ـ دەرىجىلىك بەگلەر تەخمىنەن يىرمىنى ئىگىلىگەن. شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ بېرىپ كېلىش خىراجىتى ئازىيىپ كەتكەن شۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى سالامغا بارغۇچىلارنىڭ مەرتىۋىسىگە چەكلىمە قويۇپ ئوردىغا كېلىپ ئىش بېجىرىشكە بولىدۇ. 7 ـ دەرىجىلىكلەرنىڭ كېلىشى ھاجەتسىز، قالغانلار ئۆسكەندىن كېيىن يەنە نۆۋەت بويىچە كۆرۈشۈشكە بولىدۇ» دەپ بېكىتكەن. ④

چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى (1763) چىڭ ھۆكۈمىتى تاۋاپ قىلغۇچى بەگلەرنىڭ دەرىجە چەكلىمىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. چىڭ خاقانى «4 ـ دەرىجىدىن تۆۋەن بەگلەرنىڭ 4 يىلدا بىر قېتىم ئوردىغا 5 ـ دەرىجىدىن تۆۋەنلەرنىڭ كەلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى يېڭىدىن تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ۋاقتىدا كېلىشى، ھەر يىلى 20 نەپەردىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەيرىخاھلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تاپىلىدى. ⑤

چيەنلۇڭنىڭ 39 ـ يىلى (1774 ـ يىل) چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەگلەرنىڭ سالام قىلىشىنىڭ 4 رەت

تۇزۇمنى 6 رەتكە ئۆزگەرتتى. «چيەنلۇڭنىڭ 39 ـ يىلدىكى يارلىقتاھ سالامغا كېلىدىغان ئۇيغۇر بەگلىرى ئالتە قېتىمغا بۆلۈنۈپ ھەر يىلى بىر ئادەمنى باشلىق قىلىپ نۆۋەت بويىچە ماڭدۇردۇ. ئوردىغا كېلىدىغان بەگلەردىن شىنجاڭنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىرى 10 ئادەمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، تەشكىللىك ھالدا 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتراپىدا ئوردىغا كېلىپ مەلۇمات يوللىشى، ھەرقايسى ئايماق، ناھىيىلەردىمۇ ئۆتكەندە يەرلىك تەكشۈرگۈچى ئورۇنلارغا ئەنگە ئالدۇرۇشى پانۇس بايرىمىدىن ئاۋۋالقىدەكلا قايتىشى بەلگىلەنگەن»①

يىللىق نۆۋەتتىكى ئالتە بېرىشتە يەنىلا مەسىلە ساقلانغان بولۇپ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا «يىللىق سالامغا بارىدىغان ۋاقىتتا ھەر نۆۋەتتە 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمدىن بىرى 4 ـ دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بەگدىن توققۇزنى باشلاپ بارغان» . چۈنكى چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يەركەن، قەشقەر، ئۇدۇن، ئاقسۇ، سايرام، كۇچا، شايار، كورلا، بۈگۈر قاتارلىق توققۇز شەھەردە 3 ـ دەرىجىلىكتى ھاكىمبەگدىن توققۇزنى تەسىس قىلغان. بۇنداق ئالتە نۆۋەتلىك تەرتىپتە ئالتە نەپىرى باشلامچى بولۇپ قالغان ئۈچ نەپىرى ئاما بولۇپ ئەمەلدارلىق تۈزۈمگە ماس كەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئالتە نۆۋەتلىك تۈزۈم سالامغا كىرگۈچى بەگلەرگە نىسبەتەن ھەددىدىن زىيادە قالايمىقانچىلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. «ئالتە يىلدا بىر نۆۋەت تېزلا كېلىدىغان بولۇپ، ئارىلىق يىراق بولغاچقا بېرىپ كېلىش جەريانىدا نۇرغۇن خىراجەت كېتەتتى» . شى چىڭنىڭ 16 ـ يىلى (1811 ـ يىل) چىڭ ھۆكۈمىتى «8 شەھەردىكى بارلىق ئۇيغۇر

ھاكىملارنىڭ يىللىق تەرتىپى توققۇز يىلغا ئۆزگەرتىلدى. 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەر باشلامچى بولۇپ بارىدۇ. 4 - دەرىجىلىكتىن تۆۋەنلەرگە مەلۇم دەرىجىدە كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇ مەزمۇن «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۇچۇن قائىدە - نىزاملار» نىڭ 4 - تومىدىكى ھەرقايىسى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئوردىغا سالامغا كىرىشكە بەلگىلەنگە توققۇز تەرتىپ» كە كىرگۈزۈلگەن.

داۋ گۇاڭنىڭ 19 - يىلى (1839 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ «داۋ گۇاڭنىڭ 19 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ سالامغا كىرىش يىللىق تەرتىپىنى ئىككى يىلدا بىر قېتىمغا ئۆزگەرتىپ ئەسلىدىكى توققۇزلۇق تەرتىپىنى ساقلاپ قالغان»③.

چىڭ ھۆكۈمىتى بەگلەرنىڭ سالامغا كىرىش تۈزۈمىدىكى باشقا تەرەپلەرگىمۇ بەلگىلىمە تۈزگەن. «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۇچۇن قائىدە - نىزاملار» دىكى ھۆججەتلەردىن قارىغاندا سالامغا بارىدىغان ۋاقىت ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن سۇجۇغا يېتىپ بېرىپ 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن ئوردىغا پانۇس بايرىمىدىن كېيىن قايتىش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

«مۇسۇلمانلار يۇرتلىرى ئۇچۇن قائىدە - نىزاملار» دىن قارىغاندا سالامغا كىرىدىغان ئەمەلدارنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە بولغان:

بۇگۈرنىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى بىرىنچى قېتىم كورلىنىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئىككىنچى، سايرامنىڭ 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى ئۈچىنچى، كۇچانىڭ تۆتىنچى،

شايارنىڭ بەشىنچى ئاقسۇنىڭ ئالتىنچى، ئۇدۇننىڭ يەتتىنچى يەركەننىڭ سەككىزىنچى، قەشقەرنىڭ توققۇزىنچى قېتىم سالامغا كىرگەن. ھەر نۆۋەتتە ئۇچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەر 4 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگدىن ئىككىسى، بەشىنچى دەرىجىلىك بەگدىن تۆتنى ئىلىنىڭ بەشىنچى دەرىجىلىك بېگىدىن بىرنى جەمئىي سەككىز ئادەمنى باشلاپ بارغان.②

شى چيڭنىڭ 4 ـ يىلى (1799 ـ يىلى) يىللىق نۆۋەت بويىچە سالامغا كىرىدىغان ئۇيغۇر بەگلەر باللىرىنى ئېلىپ كەلسە بولىدۇ. مەرتىۋىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدىن قەتئىينەزەر ئىككىدىن، ئۇچكىچە ئادەم ئېلىپ كەلسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

شى چيڭنىڭ 2 ـ يىلى (1797 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى سالامغا كەلگەن بەگلەرنىڭ كېلىپ يۇك ـ تاقلىرىغا نىسبەتەن تۇزۇم بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خان بەگلەر سالامغا كەلگەن ۋاقىتتا، خان 6 مىڭ جىڭ، بىلە تۆت مىڭ جىڭ جىڭ، بېيزى ۋە ئۇچىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 3 مىڭ 500 جىڭ بەگزادە تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 2 مىڭ 500 جىڭ، بەشىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 1 مىڭ 500 جىڭ يۇك ـ تاق ئېلىپ كەلسە بولغان. ھەرقايسى بەگلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى 600 جىڭدىن يۇك ـ تاق ئېلىپ كەلسە بولغان»④ بۇ بەلگىلىمە «مۇسۇلمانلار يۇرتلىرى ئۇچۇن قائىدە ـ نىزاملار» نىڭ 4 ـ تومىدىكى «يىللىق تەرتىپتىكى ھەرقايسى شەھەرلىك ئۇيغۇر، بەگلىرى ۋە خانلىرىنىڭ ئېلىپ كەلسە بولىدىغان يۇك ـ تاق مىقدارى» غا كىرگۈزۈلگەن.

7. بەگلەرنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشى. دەم ئېلىشقا

ئەمەلدارلارنىڭ يېشى چوڭىيىپ خىزمەت قىلىشى چىقىش دېيىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركۈملىرىدە پىنسىيىگە چىقىش ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ياشىنىپ يېتىپ، ئىلتىماس ئارقىلىق دەم ئېلىشقا چىقىش يەنە بىرى قېرىپ كېتىپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقتىن خاننىڭ يارلىقى ئارقىلىق مەجبۇرىي دەم ئېلىشقا چىقىشتىن ئىبارەت.

چىڭ سۇلالىسى ئەسلىدىكى ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئاستىدا ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ بەگلىك تۈزۈمىنى ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىش تۈزۈمى تەبىئىيلا ئۇيغۇرلار رايونىغا سىڭىپ كىردى. چيەنلۇڭنىڭ 35 ـ يىلى (1770) شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى نىياز كېسەل سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تۈزۈمدە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قېلىش ـ قالماسلىق توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلىرى بۇ ئىشنى قانداق بېجىرىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغاندا، چىڭ ھۆكۈمىتى «نىياز شەھەرلىك ھاكىمبەگلىكتىن كېسەللىك تۈپەيلى دەم ئېلىشقا چىققان، سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن ئەمەس، شۇڭا مەسىلىدىكى مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىنسا دەم ئېلىشقا چىقىدىغانلار بولسا، ئەسلىدىكى مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىنسۇن، بۇندىن كېيىن شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنسۇن»، دەپ جاۋاب بەرگەن. «مۇسۇلمانلار يۈرتلىرى نىزاملىرى» دائىدى نىزاملاردا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ: «ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ كېسەل، قېرىلىق سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا چىققانلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ. سەۋەنلىك تۈپەيلى چېكىندۈرۈلگەنلەرنىڭ مەرتىۋىسى ساقلاپ قېلىنمايدۇ، دەپ يېزىلغان.

چيەنلوڭنىڭ 40 ـ يىلى (1775 ـ يىلى) جۇ كېتاۋنىڭ مەلۇماتىدا كورلىنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بېگى ئارزۇ، ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ماغالماي ئەسلىدىكى مەرتىۋىسى بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. چىڭ هۆكۈمىتى ئەسلىدىكى مەرتىۋىسى بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىرىپ، مەرتىۋىسى بىلەن يۇرتقا داۋالىنىشقا قايتۇرىدۇ» دېيىلگەن.②

چيەنلوڭنىڭ 47 ـ يىلى (1782 ـ يىلى) ئۇدۇننىڭ 3 ـ دەرىجىلىك هاكىمبېگى ئالىمشاھ كېسەل سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. چىڭ هۆكۈمىتى «ئالىمشاھ تەسلىم بولغاندىن بېرى، ئەسكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ شەهەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشتىن هاكىم بولۇپ تۇرغان ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى خىزمەتتە، زور كۈچ چىقارغان. هازىر كېسەل سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغان. كىشىنىڭ هەقىقەتەن ئىچى ئاغرىيدۇ. ئەسلىدىكى ئۇنۋانىنى ساقلاپ قېلىپ دەم ئېلىشقا چىقىرىش بىلەن بىرگە هاكىملىق مەزگىلىدە ئالىدىغان خىراجىتىنىڭ 1/3 ى يىللىق خىراجەت قىلىپ بەرسە بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئەسلىدىكى خىراجىتىنىڭ 1/3 سىنى بېرىش ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، قانۇندا بېكىتىلگەن بەلگىلىمە ئەمەس.

دەم ئېلىشقا چىقىرىشتىن باشقا «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» دا كېسەلى ياخشىلانغان ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا بەلگىلىمە تۈزۈلگەن. مەسىلەن، «مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» نىڭ 2 ـ تومىدىكى «كېسەلى ياخشىلانغان ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا تولۇقلىنىشى هەققىدىكى نىزامنامىدە:

ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ كېسلى ياخشىلانغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئورنىغا تولۇقلانسا بولىدۇ. ئىلگىرىكى قاتاردىكى ئۆز شەھىرىدىن ياتلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك چوڭ بەگلەرنىڭ تولۇقلانمىغان ئورنىغا قويۇلسا، ئەسلىدىكى ۋەزىپىسى ئورنىدا ئامباللارغا ياردەمچى قىلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەگەر ئۆز رايونىدىن ياتلاشتۇرۇلمىسىمۇ بولىدىغان كىچىك بەگلەر ساقايسا ئۆز شەھىرىدە ياردەمچى بولۇپ ئىشلەشكە ئىلتىماس قىلسا، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئامباللارنىڭ قول ئاستىدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلىسە بولىدۇ.

8. باشقا بەلگىلىمىلەر.

«مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» دا يەنە بەگلەرگە دائىر باشقا تەرەپلەرگە ئاساسلىقى بەگلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قويۇلىدىغان چەكلىمە ۋە چىرىكلىشىشنى چەكلەشكە دائىر بىر قاتار بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن:

ھاكىمبەگلەرنىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتىشىغا يول قويۇلمىغان. ئۇيغۇرلار رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋەزىپىسىدىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ چېگرا سىرتىدىكى كۆچلەر بىلەن ئالاقە باغلىنىشىنىڭ شۇنداقلا چېگرا سىرتىدىكى كۆچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شى چىڭنىڭ 19 ـ يىلى (1814) ۋاسساللار مەھكىمىسى ھاكىمبەگلەرنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە باغلىنىشىنى قەتئىي چەكلىگەن. «ئالاقە ئەۋەتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندىمۇ جەزمەن مەسلىھەتچى ئامبالغا مەلۇم قىلىپ شۇ ئارقىلىق بېجىرىش»①نى بەلگىلىگەن.

ھاكىمبەگلەرنىڭ ئېغىر جىنايەت ئەنزىلىرىنى ئۆز ئالدىغا

بىر تەرەپ قىلىشقا يول قويۇلمىغان. «ھەرقايسى شەھەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى يېنىكرەك ئەنزىلەرنى ئۆز ئالدىغا بىجىرىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئامباللارغا مەلۇمات سۇپىتىدە يوللاپ، ئارخىپ ساقلاپ قويسا بولىدۇ. ئېغىر جىنايى ئەنزىلەرگە يولۇقسا ھاكىمبەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قالايمىقان ھالدا قىسماققا ئېلىش، كالتەكلەش، گاڭزىغا ئولتۇرغۇزۇش... قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جازا يۈرگۈزۈشكە بولمايدۇ. مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئامباللارغا مەلۇمات يوللاپ، ھەيئەت تەشكىللەپ ئورتاق كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك»②

بازاردا دەللال بىدىك تۇرغۇزۇش مەنئىي قىلىنغان بازار ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاممىنىڭ سودا ـ ئالاقە قىلىدىغان مۇھىم ئورنى بولۇپ، ئالدامچىلىق قىلىپ بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى بازار باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن تۇرغۇزۇپ «خۇسۇسىي دەللاللارنى چەكلىگەن»، مالىمانچىلىق يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن «بازار باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېتىدىغان ھاكىمبەگلەرنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ بازار تەرتىپىنى قوغدىغۇچىلارغا بېسىم كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى توسۇغان»③

چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ سۇ، ئۆستەڭ ئىگىلىۋېلىشىنى چەكلىگەن. «ئۇيغۇرلار رايونىدا ھۆل ـ يېغىن ئاز بولۇپ خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتكۈل تېرىقچىلىق ئىشلىرى سۇغا باشلىق ئىدى». سۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكەرتىش يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنىڭ جان تومۇرى دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇنىڭ مۇشۇنداق مۇھىملىقى ئۇيغۇرلار رايونىدا مەخسۇس سۇ مەنبەسىنى باشقۇرىدىغان بەگ

مىراپبېگىنى مەيدانغا چىقارغانىدى. ھوقۇقدارلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىگە تايىنىپ سۇ ئىگىلىۋالغان قىلمىشلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قارىتا سۇ ئىشلىتىش قانۇنى تۇرغۇزۇپ باشقۇرغان بولۇپ «مۇسۇلمانلار يۇرتى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملار» دا ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق ئامباللارنىڭ ھەر يىلى ئەتىياز، ياز ۋاقتىدا ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپ «چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ياكى پۇقرالار بولسۇن ئۆستەڭ، سۇ ئىگىلىۋالماستىن، باراۋەر سۇغۇرۇش كېرەكلىكى» نى تەكىتلەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

قانۇن - بەلگىلىمىلەردە يەنە بەگلەرنىڭ قەرەللىك ئۆستەڭ - ئېرىقلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، بۇزۇلغان يەرلىرى بولسا دەرھال يېزا - مەھەللەردىكى ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ رېمونت قىلدۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان. بەگلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆستەڭ، سۇ ئىگىلىۋېلىشى، پۇقرالارنىڭ سۈيىنى باغلىۋېلىشى، ئوغرىلىقچە سۇ باشلىۋېلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ قايسىبىرى بايقالسا، بەگ بولمىسا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىرگە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ سەۋەنلىكى تەكشۈرۈلگەن، پۇقرا بولمىسا ئادەتتىكىچە قاتتىق جازا بېرىلگەن»①

چوڭ - كىچىك يامۇل ۋە ھاكىملارنىڭ يىغىلغان راسخوتلارنى ئىشلىتىۋېلىشى قاتتىق چەكلەنگەن. قانۇندا «ھاكىمبەگلەرنىڭ ھەرقايسى چوڭ - كىچىك يامۇللارنىڭ كۈندىلىك خىراجىتى، تۈرلۈك چاكارلارنىڭ ھەققىي، ئاتلارنىڭ يەم خەشىكى ۋە تۈرلۈك خىراجەتلەرنى زورلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى چەكلەنگەن. شۇنداقلا، بەگلەرنىڭ «ئۆز نامىدىن

پايدىلىنىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن خالىغانچە، باج ـ سېلىق چىچىشى چەكلەنگەن. ئەگەر نامىنى ئۆزگەرتىپ، ئومۇمنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلىپ ساختىلىق بىلەن پۇقرالارنى بۇلاپ ـ تالاپ پاراكەندىچىلىك سالغانلاردىن قايسىبىرى بايقالسا باشقۇرغۇچى ئامباللار ياكى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار ياكى ھاكىمبەگ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانۇن بويىچە بىردەك قاتتىق جازالىنىدۇ②، دەپ بەلگىلەنگەن.

9. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بەگلەرنى جازالاشقا دائىر پرىنسىپلار.

چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759) 7 ـ ئايدا ئاقسۇنىڭ ئىشانخانبېگى پولات، شاڭبېگى نىيازلار چىڭ ھۆكۈمىتىگە مۇئاۋىن خەزىنىچى بەگ باياقىنىڭ «ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يىغىلغان ئاش ـ تاشلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان قىسمىدىن مەلۇم دەرىجە ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى، شۇنداقلا گۇرۇھ بولۇۋېلىپ ئۆز ئارا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقانلىقى» نى پاش قىلىمىز. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەھۋالنىڭ راستىلىقى ئايان بولىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ خىل قىلمىشقا قاتتىق جازا بېرىش كېرەك، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئەمدىلا ئىتائەتكە ئۆتكەنلىكى، جۇڭگونىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى بىلەن تازا تونۇش ئەكەنلىكىنى يەنە كېلىپ باباقىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربنى تىنچىتىشتا زور كۈچ چىقارغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، جازادىن كەچۈرۈم قىلغان، ئائىلى بىلەن بىرگە ئوردىغا يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن.③ بۇ «چىڭ ئوردىسى خاتىرىسى» دىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەگلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى بىر تەرەپ

قىلىنغان بىر قەدەر بۇرۇنقى دەۋردىكى مىسال.

ئارقىدىنلا ئۇچتۇرپاننىڭ ئاخۇن بەگلىرى خوجىسى بەگ ئاتا - ئانىسىنىڭ «خەلقنى يىغلاپ - قاقشىتىپ تۇرۇپ يىغقان باج - سېلىقىنى چۆتىكىگە تىقىۋالغانلىقى» نى پاش قىلىدۇ.

خوجىسى چىڭ سۇلالىسى غەربنى تىنچىتقاندا «ساداقەت بىلدۈرۈپ تۆھپە كۆرسەتكەن» بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى «جازالىمىسا بولمايدىغان، جازالىسا قىيمايدىغان ئىشىدىن تەڭ قىسىلىقتا قالغان. ئۇيغۇرلار رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بولغاچقا، يۇقىرى قاتلامنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىدى. لېكىن، ھېسسىيات قوغلىشىپ قويۇۋەتسە، كىم كىمنى باشقۇرۇش، كىم كىمگە بەيئەت قىلىۋاتىدۇ. ئاڭقىرىغۇسىز دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ ئىش بېجىرىش تەسكە توختاپ كېتەتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق خوجىنى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، مال - مۈلۈكىنى تىزىملىغان خوجىسىنى ئوردىغا ياندۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا «ئۆزىنى بىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان بەزى قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتمىسە جازالىنىدىغانلىقىنى» ھېس قىلدۇرۇپ قويغان. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى ئەنزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلغان. «بەزى پاراسەتسىز ئەمەلدارلارنىڭ ھىيلىگەرلىكىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، چاتاقمۇ، پاش قىلىش، شىكايەت قىلىشمۇ كۆپىيىپ بارغان. ئىشانخان، ھاكىملىقنىڭ كويىدا پىتنە - ئىغۋا تېرىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەلگەن - دە، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى مەجبۇرىيەتكە

ئايلاندۇرغان».

شۇنىڭ بىلەن «بۇندىن كېيىن قانۇنغا خىلاپ ئىش - ھەرىكەت سادىر قىلغۇچىلار تەكشۈرۈپ بايقالغان ھامان ئېغىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقى، كەڭچىلىك قىلىنمايدىغانلىقى، شۇنداق بولغاندىلا يۇقىرى - تۆۋەننىڭ ئەمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقى» بەلگىلەنگەن. ①

چىڭ خاندانلىقىغا سادىق، ئۆزى ياكى جەمەتىدىن تۆھپە كۆرسىتىپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولغان بەگلەردىن بىرەرسى بولغانلارغا قارىتا چىڭ ھۆكۈمىتى يول قويۇپ «تۆھپىسىنى نەزەرگە ئالغان» ھەتتا جازادىن كەچۈرۈم قىلغان ياكى يېنىكلەتكەن. شىچىڭنىڭ 19 - يىلى (1814) كاشغەرنىڭ ھاكىمبېگى يۇنۇسنىڭ ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقى بۇنىڭغا بىر ئۈلگە بولالايدۇ. شۇ يىلى يۇنۇس كاشغەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى تيې باۋغا مەلۇمات يوللاپ «بەزىلەرنىڭ پۇل - مال توپلاپ، سامساق ئائىلىسىگە سوۋغا قىلغانلىقىنى» ئېيتىدۇ. تيې باۋ موللا سوپى، ئۆلۈمگە بۇيرىماقچى بولىدۇ. لېكىن كېيىنچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ يالغانلىقى ئاشكارىلىنىدۇ. «بۇ ئەمەلىيەتتە يۇنۇس ۋە موللا بەگ ئابدۇللانىڭ ئىنچىكە پىلانلىشى ئارقىلىق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان گەپ بولۇپ، ئاتالمىش پۇل - مال توپلىنىۋالدى دېگىنى بولسا ئەمەلىيەتتە يۇنۇسلارنىڭ ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان گېپى ئىدى. فۇئىس قادىر سامساقنىڭ ئىلگىرىكى خەتلىرىنى يىغىپ ئىسپات يازغان، موللا سوپى قىيناپ ئىسپات ئالغانىدى. ناھايىتى زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان بۇ ئىش چوڭ - كىچىك بەگلەرنىڭ

هەممىسىنى ناھايىتى ئازابلىدى» ② يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇنۇس ئاتىسىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ خەلقتىن نۇرغۇن پۇل يىغىۋالغان، بۇيۇك چىڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، يۇنۇسنىڭ يوقىلىشى ئۆلۈمگە لايىق ئىدى. لېكىن ئۇ ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قانۇندىن تاشقىرى غەمخورلۇق قىلىپ، «تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، گۇناھىنى يىنىكلەتكەن». تېخىمۇ چاتىقى ئۇنىڭ ئاشىنىسى چىنارنىڭ «ناز ـ كەرەشمىسىگە دۇم چۈشۈپ ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكى ھېچقانداق تايىنىش يول قالمىغانلىقى» بولۇپ، شۇنداقتىمۇ چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىپ ئۆلۈمدىن خالاس قىلغان ھەمدە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ، مەڭگۈلۈك نەزەر بەنتتە قويغان». لېكىن بۇ ئەنزىگە چېتىشلىق باشقىلارنى قاتتىق جازالىغان.①

ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئۇيغۇر ئىنانچىخانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى مەركەز تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان. مەسىلەن: چيەنلۇڭنىڭ 4 ـ يىلى (1778) 11 ـ ئايدا سونۇم بىسلىك تۇرپاننىڭ ئىنانچىخانى سۇلايماننىڭ «خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ پۇل يىغىپ، قىز ـ چوكانلار بىلەن ئويناشقا سەرپ قىلغانلىقى، بۇنىڭ راست ئىش» ئىكەنلىكىنى پاش قىلىدۇ. «سۇلايمان يەنە قاپ يۈرەكلىك بىلەن خانلىق تەپتىش ئورنىنى ۋە تەپتىشلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ئامباللارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن». شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىنانچىخانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىرىدىن «مەرتىۋىلىكراقلىرىنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرۇپ

بىرىش» نى قارار قىلغان ھەمدە سۇلايمان ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ھەربىي ۋەزىرنىڭ تەكشۈرۈپ ئارقىلىق «ئاختا قىلىش قىيناپ ئۆلتۈرۈش» قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرى ئېنىقلانغان. قانۇن بويىچە بولغاندا ئىنانچىخانلىقتىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى توغرا كېلەتتى. لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، جازانى يېنىكلىتىپ مەرتىۋىسىنى بېلىنلىققا چۈشۈرۈپ بەش يىلدىن كېيىن ئوردىغا قايتۇرۇپ شۇ يەردە ئۆلتۈراقلاشتۇرغان»③.

بىراق، قانۇن ـ ئىنتىزامنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقان قىلغان، بولۇپمۇ ئۆلارنى قوللىغان بۇيۇك چىڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا خەۋپ ئېلىپ كەلگەن بەگلەرگە قارىتا، چىڭ ھۆكۈمىتى ئازراقمۇ كەڭچىلىك قىلماستىن، قانۇن بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلغان ئوبيېكتىپ ئىجرا قىلىش جەريانىدا يەنە ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

«غەربىي رايوندا ئىش بېجىرگۈچى بەگلەر بولۇپمۇ، ئاقساقاللار مۇبادا بىرەر كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قاتتىق جازالىنىدىغان بوپقالسا، ئۆسەك گەپ ـ سۆز ئىشلار پەيدا بولۇپ، تۇرغۇزۇلغان ئامباللار تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ، ئىشتىن چاتاق چىقىرىشنى، ئامباللار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاشمۇ تەسكە چۈشۈپ قېلىشنى يوق دېگىلى بولمايتتى». شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمە چىقىرىلغان: «بۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى بەگلەردىن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن، تۇتۇپ تۇرۇلغان، ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلۈپ تۇگىتىلگەنلىرىدىن باشقىلىرىغا يەنى قولغا ئېلىنىپ

بولغانلىرى بولسىمۇ جازا بېرىلمەيدۇ. تۆتىنچى دەرىجىدىن يۇقىرىلىرى ئوردىغا ئەۋەتىلىدۇ؛ بەشىنچى دەرىجىدىن تۆۋەنلىرى قاراپ چىقىپ خانغا يوللىنىلىدۇ»①.

بۇ بەلگىلىمە چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760) 8 ـ ئايدا كاشغەر بەشكىرەمدە يۈز بەرگەن ئەسكەر ـ ئەمەلدارلارنى يارىلاندۇرۇپ، قورال بۇلاپ تەختكە چىقىۋېلىش» ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئىجرا قىلىنغان. بۇ ۋەقە بەگ، ئاقساقال ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىن بولۇپ 220 ئادەمگە چېتىلغان چىڭ هۆكۈمىتى قانۇن بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلغان «غازىبەگ نىياز سوپى قاتارلىق 16 كاتتىباشنى يامۇلغا يالاپ ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارغا قوشۇلغا كىچىك بەگلەر ۋە ئامىدىن بولۇپ 260 ئادەمگە كاشغەردە ئامىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ جازا ئىجرا قىلغان. ئاياللىرى ئىمىن خوجىنىڭ قول ـ دېدەكلىكىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن» . مەريەم بەگ ئاما تەرىپىدىن قورشاپ تۇتۇلۇپ، چىڭ هۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان②.

يىغىنچاقلىغاندا، چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ بەگلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل بولغان:

قانۇن بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىش. بۇ ئاساسەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسى ئېغىر، تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بەگلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان قانۇن بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىش، ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، سۈرگۈن قىلىش ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى بايلىق نىياز ھاكىمبېگى ئابدۇللانىڭ ئۈستىدىن «زورلۇق بىلەن يەر ئىگىلىۋالغان» دەپ شىكايەت

قىلىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق نىيازنىڭ «گۇمان بىلەن شىكايەت قىلغان» لىقى ئاشكارىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىياز ئىنتايىن چەت بىر جايغا تولۇقلانغان ئەسكەر سۈپىتىدە ئەۋەتىۋېتىلگەن. بۇ ئىشقا قارىتا چىڭ ھۆكۈمىتى ئىپادە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بۇرۇن ھەرقايسى شەھەر، ئايماقلارنىڭ بەگلىرى ئارىسىدا دائىم ئاممىغا پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئىشلار يۈز بەرگەندە، ئىشنى شۇ دائىرە ئىچىدە تۈگىتىپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن بەگلەر ئاسراپ كېلىندى. ئەمما بەگلەرنىڭ كونا ئادىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن قانۇن بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ، شۈبھە بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق بىر شىكايەت سەل قارالمايدۇ. بۇ نىيازنىڭ تۇنجى قېتىملىق خاتالىقى، مۇشۇنداقلا بولدى قىلىنىدۇ. بۇنداق كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەنزىبىلەر يەنە كۆرۈلىدىكەن. ئامباللار ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈپ، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ جايىدا ئىجرا قىلىش كېرەك. ئامما ئالدىدا ئىجرا قىلىنىپ، خەلقئالەمنى خەۋەردار قىلىش كېرەك»③.

چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى (1778) كۇچانىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇلېتىپنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق «مەنسەپتىكىلەرنىڭ بىرلىشىپ نىيازنى بولۇشقا قويۇۋەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردىن كالا، توپاق، قوي يىغىپ تەپتارتماستىن قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغانلىقى» نى بايقايدۇ - دە، چىڭ ھۆكۈمىتى «مۇشۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئادەملەر تەكشۈرۈلۈپ بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ»①.

مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىپ ئىشتىش. بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسى ئادەتتىكىچە بولغان بەگلەرگە قوللىنىلىدىغان

ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىر تەرەپ قىلىش چارىسى بولۇپ، ئادەتتە ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىپ ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. داۋگۇاڭنىڭ 4 ـ يىلى (1824) ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى باياندايي «ئاممىنىڭ نارازىلىق ئەرزلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرمەي، ھە دېسىلا ئەرز ئىگىسى بىلەن ئوغرى ـ قاراقچىلارنى ئۈچتۇرپانغا يولغا سېلىپ قويغانلىقى، ھەتتا بەزىدە تەكشۈرگۈچىلەرنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقى ئادەم يالاپ يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلدۇرغانلىقى، ئىش بېجىرىشتە ھۇرۇن بولۇپ، ئاممىنى رازى قىلالمىغانلىقى سەۋەبلىك كەڭچىلىك بىلەن ئەسلىدىكى 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىملىكى ئېلىپ تاشلىنىپ، 4 ـ دەرىجىلىك بەگلىككە چۈشۈرۈپ ئىشلىتىلگەن»②.

داۋگۇاڭنىڭ 5 ـ يىلى (1825) يېڭىسارنىڭ ( 巴中 ) كەنتىدىكى ئۇيغۇر ئاممىسى ھاكىمبەگلەر ئارىسىدىكى 多尔爪 ئابدۇرېھىم، ئابدۇل①يىم، شىخۇ بولۇپ سىفەندىيەن توختىلارنىڭ ئەمەلدارلارغا بېسىم ئىشلىتىپ گۇناھسىز كىشىلەرنىمۇ شەخسىي تەييارلىۋالغان جازا قوراللىرى بىلەن خانىغانچە جازالاۋەرگەنلىكىنى، ئاممىنىڭ ئاخىرى يىغىلىپ بىرلىشىپ كاشىغەرگە شىكايەت سۇنغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئابدۇرېھىم قاتارلىقلارغا كىشەن سېلىپ، يېڭىسار ئاممىسىغا سازايى قىلىپ ئېلىغا سۈرگۈن قىلىش، شۇ يېزىنىڭ 7 ـ دەرىجىلىك بېگى دولاتقا ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ھاكىمبەگ ماخمۇتقا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن 4 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىدىن 5 ـ دەرىجىگە چۈشۈرۈپ

ئىشلەتكەن: ③

يات جايغا يۆتكەپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغۇزۇش: بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئورۇن يۆتكەش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەگلەرنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قالىدىغان، يەرلىك ئاممىغا تاپشۇرۇپ، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزىنى تىكلەيدىغان ئۇسۇلدىن ئىبارەت. مەسىلەن، چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761) بۇگۇرنىڭ باشبۇغى ھاكىمىيەت ئابدۇلەي ئاممىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇل يىغىۋالغانلىقى ئامما تەرىپىدىن ئىنكاس قىلىنىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى «ئەگەر ئەھۋال راست بولىدىغان بولسا ئابدۇلەي كۈچالىق، ئۇنى كۈچادا قويۇشقا بولمايدۇ. ئويلاپ تۇرۇپ يەركەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك»④ لىكىنى كۆرسەتكەن.

بەگلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك چەكلەش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى بەگلەر ئارا بىر - بىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلىرىنى پاش قىلىشقا، پۇقرالارنىڭ بەگلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا يول قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا «بۆھتان چاپلىغانلارنى جازالاش» پرىنسىپىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (1765) ئىلى جياڭجۈنى مىڭرۈي غەربىي يۇرتنىڭ قېپقالغان ئىشلىرى ھەققىدە بەلگىلىمە تۈزۈپ «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنىڭ كونا تۈزۈمىدە ھاكىمبەگلەرنىڭ ئىش بېجىرىشى بىلەن كۈنسايىن ھوقۇقى ئېشىپ كېتىپ خىزمەت خۇسۇسىنىڭ ئىشىغا ئايلىنىپ كىچىك بەگلەرنى كونترول قىلىۋېلىش، بۇزۇلۇش خاھىشى ئەدەپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئىشنى ئەسلى بېجىرگۈچى ئالىدۇ. شۇ تاپشۇرىدۇ. ئىشانخان بەگ بىلەن مەسلىھەتلەنمىسە

بولىدۇ. مۇبادا يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ئىش بېجىرىپ مەسىلە چىقسا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. تۆھمەت قىلغانلارغا جازا بېرىلىدۇ» ① غانلىقىنى جاكارلىغان. «ھەر يىلى پۇتكۇل باي ـ نامرات، ئوغرى ـ قاراقچى قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالى ئامبالغا يوشۇرۇلماستىن ئېنىق يوللىنىلىشى، ھازىر بار بولغان ئوغرى، چېرىكلەرنىڭ بېكىتىلگەن سانى ئامبالغا يوللىنىپ، بەلگە قويۇلۇشى كېرەك. نارازىلىق شىكايىتى سۇنغۇچىلار ئەگەر قەستەن چاتاق چىقىرىش مەقسىتىدە تۆھمەت قىلغان بولسا قايتۇرۇپ جازا بېرىلىدۇ» ②

## بەگلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى

باشتا تىلغا ئالغان شىچىڭنىڭ 19 ـ يىلىدىكى يۇنۇسنىڭ ئەنزىرىسىدە، يۇنۇش جىنايەت ئۆتكۈزگەندە ئۇنىڭ ئوغلى 10 ياشتا بولۇپ «جىنايەتچىنىڭ بالىسى بولغانلىقتىن، مەنسەپكە ئېرىشەلمەيتتى» . يۇنۇسنىڭ باشقا تۇغقانلىرىغا قارىتا چىڭ ھۆكۈمىتى «شۇ بىر دۇنبۇلام ئىككى تەيجى يىراق تۇرپاندا ئەنزىنى تەكشۈرەلمىگەچكە يەنە كېلىپ تاغىسىنىڭ گۇناھى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇنچىۋالا مۇناسىۋىتى بولمىغاچقا جازادىن خالاس قىلىپ ۋاسساللار مەھكىمىسىگە يوللاپ بەرمىگەن» ③ .

ئاشۇرۇپ شىكايەت قىلىش تۈزۈمىمۇ ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مەمۇري قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئامما مۇبادا تۇرۇشلۇق رايوندىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىزىشىگە ئۇچرىسا مەسلىھەتچى جياڭجۈن ئارقىلىق شۇ يەرلىك يامۇلغا يوللىسا ئەگەر ئۇ يامۇل

بېجىرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسە، يىللىق نۆۋەت بىلەن سالامغا كىرىش ۋاقتىدا ۋاسساللار مەھكىمىسىگە سۇنسا بولىدۇ. ۋاسساللار مەھكىمىسىمۇ يەنىلا كۆڭۈل بولمىسە، ئوردا يامۇلىغا يوللىسا بولىدۇ. ئەگەر مەلۇماتتىكىسى ھەقىقىي ئەھۋال بولسا گۇناھ ھېسابلانمايدۇ، ئەمما يالغان ئېيتقان ياكى مەسلىھەتچى ئامباللار يامۇل قوبۇل قىلمىغان بولسا قانۇن بويىچە تۆھمەت قىلغانلىق قاتارىدا جازالىنىدۇ»④دەپ تۈزۈم بەلگىلىدى.